2024 ماي
ئومۇمىي 57-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



2024 ماي

ئومۇمىي 57 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



## 57 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| ھەربىر رەھبەر چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سەككىز تۈرلۈك ئەخلاق مىزانى | راچېل ۋېلىس | 11 |
| ۋايىس تاراتقۇ شىركىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۆكۈشى | ئىدرىس ناگرى | 17 |
| پات بۇچانان ۋە «ئامېرىكا مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» تاشقى سىياستى | فرانسىس سېمپا | 22 |
| شەرقىي تۈركىستان قەھرىمانى غېنى باتۇر | ھاجى ئەكبەر | 28 |
| قانداق قىلغاندا ھۆرمەتسىزلىككە تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟ | توبىياس ۋۋېر | 37 |
| بوئىن شىركىتى پايچىكلار يىغىنىدا ئۇيغۇرلار نېمىشقا مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى؟ | سىمانتىك دوۋېرا | 45 |
| مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يەتتە چارىسى | | 50 |
| خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكادىكى فېنتانىل كرىزىسى ئوتقۇيرۇقلۇقى | مايكېل مارتىنا | 61 |
| ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي زېمىنى | كۆرشات يىلدىرىم | 65 |
| خىتاينىڭ تاماق ئۇرۇشى: ئۇيغۇر كىملىكىنى يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق يوق قىلىش | تىموسى گروس | 74 |
| ئوي ـ خىياللىرىڭىزغا ئىشىنىۋەرمەڭ | رۇدرا شارما | 83 |
| خىتاي 449 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۈرمىگە سولىدى | كارىشما بۇيىيان | 89 |
| ئۆمەر سۇلايمان | | 94 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 97 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي





# ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنىڭ يادروسى ۋە ئەۋج ئېلىشى (7ـ لېكسىيە)

دوكتور ستەنلى رىدگلېي
(ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

بېشى ئالدىنقى ساندا

ھەر بىر شىركەتنىڭ يادرولۇق بۇرچى ــ مەۋجۇتلۇق سەۋەبى ــ بولۇشى، شۇنداقلا بۇ بۇرچ پەقەت ئۇنىڭغىلا ماس كېلىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ۋەزىپىنى ئىخچام بايان قىلىشتىن قارىغاندا، ئىستراتېگىيە ــ نىشانسىز ياكى ئەستايىدىل ئويلىشىلغان ــ بىر جەرياندا بارلىققا كېلىدۇ. بىز بۇ لېكسىيەدە، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش تارىخىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغان بەزى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئاندىن بىز ھەر قانداق ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات ئۈچۈن پايدىلىق رامكا بولغان «ئالتە باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانى»نى ئۆگىنىمىز.

### قۇرۇلۇش ئەپسانىسى (founding myth)

«فرانسىيە چەتئەللىكلەر بىرلەشمە ئارمىيەسى»نىڭ (French Foreign Legion) قۇرۇلۇش ئەپسانىسى 1863ـ يىلى مېكسىكىدىكى كامېرون ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە جەڭ قىلغان چەتئەللىك ئەسكەرلەرنىڭ ھېكايىسىدىن ۋە ئۇلار ئۆز رەقىبلىرى بولمىش مېكسىكا مىللەتچىلىرىدىن ئېرىشكەن ھۆرمەتتىن ئىلھام ئالغان. مەزكۇر بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قىممەت قارىشى ۋە بۇرچى شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ شوئارى ۋە شەرەپ مىزانىدا ئىپادىلەنگەن.

ھەر بىر تەشكىلاتنىڭ ئۆز پرىنسىپلىرى ياكى بۇرچىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قۇرۇلۇش ئەپسانىسى بولۇشى، بۇ ئەپسانە ماھىيەتلىك ۋە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئالما كومپيۇتېرىنىڭ «1975-يىلى ئىككى ياش كالىفورنىيەدىكى ماشىنا ئىسكىلاتىدا كومپيۇتېر ئىنقىلابىنى باشلىغان» دېگەن قۇرۇلۇش ئەپسانىسنى ئويلاپ بېقىڭ.

بۇرچ باياناتى (The Mission Statement)

قۇرۇلۇش ئەپسانىسى تەشكىلاتنىڭ بۇرچ باياناتىغا سىڭىپ كىرىشى كېرەك، مەزكۇر بۇرچ باياناتى ئىستراتېگىيەنى مۇستەھكەملەپ، ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاغا ئاساس بولىدۇ. بۇ بايانات كوكاكولا شىركىتىنىڭ تۆۋەندىكى بۇرچ باياناتىغا ئوخشاش دادىل، ئۇلۇغۋار ۋە روھلۇق بولۇشى كېرەك: «دۇنيانى يېپيېڭى تۇسكە كىرگۈزۈش؛ ئۈمىدۋارلىق ۋە خۇشاللىق پەيتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش؛ قىممەت يارىتىش ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش.»

ئەمما، كۆپىنچە ھاللاردا بۇرچ باياناتلىرى ــ شۇنداقلا ئۇلاردىن ۋۇجۇدقا چىققان ئىستراتېگىيەلەر ــ بەكلا ئادەتتىكىچە، جانسىز ياكى رەسمىيەت تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئۆتكەن يىگىرمە يىل مابەينىدىكى ئەڭ داڭلىق ئىستراتېگىيەچىلەردىن بىرى بولغان ھېنرى مىنتزبېرگ (Henry Mintzberg) نەپىس، ئۆزگىچە ۋە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلەرگە ئالاھىدە ھەۋەس باغلىغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ جەلپكار ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەتلەر زېرىكىشلىك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى، ئىجادچان، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، ھەتتا بەزىدە ئويۇن-چاقچاقتەك قىزىقارلىق ئىستراتېگىيەلىرى بار بولىدۇ.»

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەربىيچە ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش مېتودلىرى سودا ساھەسىگە تەدبىقلىنىپ، گېرمانىيە ۋە ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلىشتا ئالاقىدار غايەت زور ئەشيا ئوبوروتى ھەرىكەتلىرىدىن قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، دەپ قارالدى.

ماساچۇسېتس شتاتىغا جايلاشقان « Equal Exchange» دېگەن كىچىك قەھۋە شىركىتىنىڭ بۇرچ باياناتى «دېھقانلار ئۈچۈن باراۋەرلىك. ھەممىمىز تايىنىدىغان دېھقانلار بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت» دېگەندىن ئىبارەت. مەزكۇر شىركەت بۇ باياناتتا يەتكىلى بولىدىغان بىر قاتار نىشانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىستراتېگىيەلىك پىلانغا ياردىمى تېگىدىغان بۇرچنى تەبىرلەشنىڭ ئەڭ ياخشى مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشنىڭ تارىخى

ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ھەربىي ساھەدە باشلانغان. بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۇرۇش ۋە قوراللاندۇرۇش ھەمدە جەڭ مەيدانىدىكى ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىشنى پىلانلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى يىراقنى كۆرەرلىكنى ۋە پىلانلاشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ناپالېئون دەۋرىدىن ئىلگىرى، پىلانلاش گېنېرال ياكى پادىشاھلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلىرىدىن مەسلىھەت سورايتتى. پىلانلارنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈشى 1807-يىلى پرۇسسىيە باش شتابىدىن باشلانغان.

«رەسمىي پىلان» (formal planning) ئۇقۇمى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاستا-ئاستا سودا دۇنياسىغا كىرىپ كەلدى. گەرچە 1920-يىللاردا بارلىققا كەلگەن «خارۋارد سىياسەت ئەندىزىسى» ئەمەلىي مېتودولوگىيەدىن بەكرەك ھەرىكەت چاقىرىقى تۈسىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەۋردىكى ھەربىي پىلانلاش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تەپەككۇر يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە مەمۇرىي قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان فورد ئاپتوموبىل شىركىتى ئون نەپەر سابىق ھەربىي ئوفىتسېرنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ كىشىلەر ئىلغار پىلانلاش، تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش-كونترول سىستېمىسى، شۇنداقلا مالىيە ۋە جەريان ئىنتىزامىنى سودا ساھەسىگە ئېلىپ كىردى ھەمدە ئامېرىكانىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىللىق ئىستراتېگىيەلىك سودا تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات لىنىيەسىنى سىزىپ چىقتى.

ئەمما، ئامېرىكا شىركەتلىرى ئاساسلىقى مالىيە سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىستراتېگىيەلىك پىلانلارنى تۈزۈشكە باشلاپ، ئالدىنقى يىلدىكى سانلارنى توپلاش، ئېلېكترونلۇق جەدۋەل تەييارلاش، مۆلچەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە خامچوت تۈزۈش بىلەن كۇپايىلەندى. پىلانلاش ئاساسەن ھەر يىلى بىر قېتىم خامچوت بېكىتىشتىن پەرقسىز بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيادىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكى سەۋەبلىك، بۇ خىل پىلانلاش ئۇسۇلىدىكى مەسىلىلەر يەنىلا ئانچە كۆزگە چېلىقمىدى.

فورد كوللېكتىپىنىڭ سابىق رەھبىرى روبېرت ماكنامارا (Robert McNamara) كېيىندى ھۆكۈمەتتە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان مەزگىلدە ئىستراتېگىيەلىك پىلان ئەندىزىسىنى

ئوتتۇرىغا قويىدى. 1960 ـ يىللاردا، ئىستراتېگىيەلىك پىلان توغرىسىدىكى تەلىماتلار كەڭ تارقىلىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىدىكى ئۆلچەملىك باشقۇرۇش قورالىغا ئايلاندى.

ئامېرىكا دۇنيا سانائەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئون يىلدا، دەسلەپكى ئىستراتېگىيەلىك پىلاننىڭ بۇرمىلانغان نەتىجىلىرىنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. ئەمما، 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ياپونىيەنىڭ خىرىسى ۋە نېفىتى مول ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ كۈچى مەۋجۇت پىلان ئەندىزىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىكى غەيرىي ئىدراكىيلىقىنى ھەمدە بۈيۈك سىياسىي ۋە سودا ئويۇنلىرىدىكى باشقا ئىشتىراكچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

## پىلانلاش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش

ھېنرى مىنتزبېرگ پىلان باشلانغاندىن تارتىپ ئىزچىل پىلانغا پايدىسىز تەرزدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئۈچ خىل خاتا قاراشنى بايقىغان.

بىرىنچىسى، «ئالدىن بىلگىلى بولۇش» خاتالىقى. بىز كەلگۈسىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز ـ دە، بۇ بىزنى «ئالدىن پەرەز قىلىش ۋە تەييارلىق قىلىش»تىن ئىبارەت تەپەككۇر لىنىيەسىگە باشلايدۇ. لېكىن، بىز كەلگۈسىنى مۆلچەرلىيەلەيمەيمىز، شۇنداقلا بۇ يەككە پىكىرنى ئاساس قىلغان ھالدا پىلان تۈزۈشنىڭ ئاقىۋىتى ئاپەت خاراكتېرلىك بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاجراش (detachment) خاتالىقى. بۇ پىلانلىغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت نەق مەيداندىن يىراقلىشىش خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىجرائاتتىن ئاجرىغان ئىستراتېگىيە تۈزۈشتۇر.

ئۈچىنچىسى، رەسمىيەتچىلىك (formalization) خاتالىقى. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ قاتماللىشىشى ۋە «ھۆججەت قىسقۇچ» (binder) تەپەككۇرى بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلار ھۆججەت قىسقۇچنىڭ ئىچىگە قويۇلىدۇ. ئۇ رېئاللىق بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ ـ دە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى شىركەتنىڭ ئەمەلىي كەسپىگە ۋەكىللىك قىلالماس بولۇپ قالىدۇ.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، سودا مۇتەپەككۇرلىرى ئىستراتېگىيەگە ۋە قارارلارنىڭ قانداق چىقىرىلىدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى ھەمدە بۇ خىل تەپەككۇر جەريانىنى ئىستراتېگىيە ئىجرا قىلىنىدىغان رېئال دۇنيا بىلەن باغلاشقا باشلىدى.

بۇ يېڭىچە تەپەككۇرنىڭ نامايەندىسى 1978 ـ يىلى خەلقئارالىق باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىكى شىركىتى بولغان «McKinsey & Company» شىركىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇشنىڭ تەدرىجي تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىدۇر. بۇ شىركەت مەزكۇر ماقالىدە، ئامېرىكا سانائىتىنى چىرمىۋالغان ۋە ئۇنى ئاسانلا يېڭى خىرىسلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدىغان قىلىپ قويغان بىر قاتار ئۇنۇمسىز پىلانلاش باسقۇچلىرىنى ئېنىقلاپ چىققاندى. بۇ ماقالە بىزنى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ۋە پىلانلاشنى ئاڭقىرىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندىگەن.

«McKinsey & Company» شىركىتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىرىنچى باسقۇچ 1950 ـ يىللاردىكى مالىيەۋى پىلانلاش (financial planning) باسقۇچى ئىدى. بۇ مەزگىلدە، پىلانلاش ئاساسەن دېگۈدەك مالىيەۋى مەسىلە دەپ قارالغان ۋە يىللىق خامچوت تۈزۈش پائالىيىتى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى.

ئىككىنچى باسقۇچ مۆلچەرنى ئاساس قىلغان پىلانلاش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا بايلىق تەقسىملەش ۋە مۇھىم مەسىلىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ زۆرۈرلۈكى تونۇپ يېتىلگەنىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ سىرتقا يۈزلەنگەن پىلانلاش (externally oriented planning) باسقۇچىدۇر. بۇ خىل پىلانلاش تېخىمۇ ياخشىدۇر، چۈنكى ئۇ شىركەتنىڭ رىقابەتچىلەر ۋە باشقا كارخانىلاردىن تەركىب تاپقان تاشقى مۇھىت بىلەن قانداق ئالاقە قىلىدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئاخىرقى ۋە ئەڭ يۇقىرى باسقۇچ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇشنىڭ ئۆزىدۇر.

بۇ يەردە، بىز ئىستراتېگىيەلىك پىلان بىلەن باشقۇرۇشنى بىر جەريانغا بىرلەشتۈرۈشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرنى ئىجرائاتقا باغلاشنى نىشان قىلىمىز. بۇ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئىقتىدارىنى پۈتكۈل تەشكىلاتتا ئومۇملاشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇ قوغلىشىشقا ئەرزىيدىغان نىشاندۇر.

## بۈگۈنكى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش: ئالتە باسقۇچلۇق جەريان

ئەگەر بىز ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانىنى توغرا ئىجرا قىلالىساق، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك پايدا بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. بۇرچ، نىشان، ۋەزىيەت تەھلىلى، ئىستراتېگىيە تۈزۈش، ئىستراتېگىيە ئىجرائاتى ۋە كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە باسقۇچ بۇ جەرياننىڭ بىر خىل نۇسخىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ جەرياندىكى بىرىنچى قەدەم بۇرچىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتۇر؛ مەزكۇر لېكسىيەنىڭ بېشىدا كۆرگىنىمىزدەك، بۇ سىزنى يېتەكلەيدىغان يادرودۇر. بۇرچىڭىز نىشانىڭىزنى بېكىتىش جەريانىدا تەلپۈنىلىدىغان نەرسىدۇر.

ئىككىنچى قەدەمدە بېكىتىلگەن نىشان بۇرچنى ئادا قىلىش ئارزۇسىنىڭ بەزى ئۇقۇملىرىغا ئاساسەن تاللىنىدۇ. ئۇلار ئېنىق، ئىخچام، يەتكىلى بولىدىغان ۋە مەلۇم مەندىن ئۆلچىگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى باسقۇچ، يەنى مۇھىتنى سىكانېرلاش (ۋەزىيەت تەھلىلى) كۆپىنچە شىركەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ مۈشكۈلدۇر. شىركىتىڭىز تىجارەت قىلىدىغان تاشقى ۋە ئىچكى مۇھىتنى تەكشۈرۈڭ. شەخس قاتلىمىدا، نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە سىزگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ئامىللارنى باھالاڭ.

تۆتىنچىسى ئەمەلىي رەۋىشتە ئىستراتېگىيە تۈزۈش باسقۇچىدۇر. ھازىرقى ئورنىڭىزدىن مەنزىلىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن، قايسى قەدەملەرنى باسىدىغانلىقىڭىزنى قارار قىلىڭ. بايلىقنى تەقسىملەپ، باشقۇرۇش قارارىڭىزنى پىلاننى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن باغلاڭ.

بەشىنچى قەدەم ئىستراتېگىيەنىڭ يولغا قويۇلۇشى بولۇپ، بۇ دەل نۇرغۇن شىركەتلەر «نازارەت قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت ھەربىي ئۆگۈتكە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولىدىغان باسقۇچتۇر. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، «بۇيرۇق چۈشۈرسەملا، ئۇ چوقۇم ئىجرا قىلىنىدۇ» دەپ ئويلىۋالماڭ.

ئالتىنچى باسقۇچ، يەنى «كونترول قىلىش» پىلاننىڭ ئۈنۈملۈك ياكى ئەمەسلىكىنى باھالاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونترول قىلىش ياكى نازارەت قىلىش سىستېمىسى سىزگە ئىستراتېگىيەڭىزدە مەسىلە بارلىقىنى ئېيتسا، مۇھىت سىكانېرلاش (ۋەزىيەت تەھلىلى)

هالقىسغا قايتىپ، مۇناسىۋەتلىك مۇھىت ئامىلىنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرسىڭىز بولىدۇ.

## پىلانلاش جەھەتتە ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار

ئۆزىڭىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانىڭىزنى ئويلاشقاندا، بۇرچىنى ئەستىن چىقارماي، زادى نېمىنىڭ ياخشى ئىستراتېگىيە ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇشىڭىز تولىمۇ مۇھىم. سىز نوقۇل هالدا باشقىلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايسىز. خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى مايكېل پورتېرنىڭ (Michael Porter) ئېيتقىنىدەك، ئىستراتېگىيە ئىشلارنى باشقىچىراق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشقىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. پورتېرغا كۆرە، ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىت مۇددىتى ئون يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن. ئىستراتېگىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بىرلا خامچوت ياكى پىلان دەۋرىيلىكى يېتەرلىك ئەمەس.

ئالدىن پىلانلاشنىڭ يەنە باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ بار. پورتېرنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان «يەككە پائالىيەتلەرنى ياخشىلىيالايدۇ ۋە پائالىيەتلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرالايدۇ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئىستراتېگىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئۆزگىچە ئىقتىدار ۋە ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ.»

ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش باسقۇچىغا كىرگىنىڭىزدە، «ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق رىقابەت ئەۋزەللىكىنى قولغا كەلتۈرۈش» پىكرى ھەر بىر قەدىمىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك.

يادرولۇق بۇرچ تۈيغۇسى يېتىلدۈرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۈللۈق ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانىدىن پايدىلىنىپ، مەيلى سودا ئۈچۈن ياكى شەخسىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بولسۇن، لاياقەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

### تونۇۋېلىشقا تېگىشلىك شەخسلەر

ھېنرى مىنتزبېرگ (Mintzberg, Henry) (1939-): ئۇ داڭلىق سودا پىروفېسسورى ۋە نەزەرىيەشۇناس بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىس چۈشەنچىسى ۋە ئومۇملاشقان قاراشلارغا زىت پىكىرلىرى

بىلەن بەزىدە دەۋرداشلىرىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. ئۇ 2009-يىلى فوربېسنىڭ ئىككى يىللىق يەر شارىۋى باشقۇرۇش مۇتەپەككۇرلىرى تىزىملىكىدە 30-ئورۇنغا تىزىلغان.

مايكېل پورتېر (Porter, Michael) (1947-) ئۇ بەلكىم يېقىنقى ئوتتۇز يىل مابەينىدىكى سودا ئىستراتېگىيەسى ساھەسىدىكى ئەڭ تەسىردار تەتقىقاتچى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ 26 يېشىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ ياش مەڭگۈلۈك پروفېسسورلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ كارخانا رىقابىتى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات ساھەسىدىكى ئەسەرلىرى دۇنيا مىقياسىدىكى سودا مائارىپىنى ئۆزگەرتكەن بولۇپ، ئۇ ھەر بىر لېكسىيە ئۈچۈن يەتمىش مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ھەق ئالىدۇ.

## تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

ئابراھامس، «101 خىل بۇرچ باياناتى» (Mission Statements 101).

ئانسوف، «ئىسىراتېگىيەلىك باشقۇرۇش» (Strategic Management).

كىيشېل، «ئىستراتېگىيە پېشۋالىرى» (The Lords of Strategy).

مىنتزبېرگ، «ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاشنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۆكۈشى» (The Rise and Fall of Strategic Planning).

پورتېر، «رىقابەت ھەققىدە» (On Competition).

## ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. مەزكۇر لېكسىيەدە بۇرچ باياناتلىرىنىڭ ئادەتتىكىچە، جانسىز، رەسمىيەتچى ۋە ئاسان ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. ئۇلار ھەتتا مەۋجۇت بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. سىزنىڭ بۇرچ باياناتىڭىز، يەنى ھاياتلىق نىشانىڭىزنىڭ جاكارى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھازىر بىرنى تۈزۈپ بېقىڭ. ئەگەر شۇنداق بولسا، مىنتزبېرگ ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇ بۇرچ باياناتى سىزنى ئىلھاملاندۇرالامدۇ-يوق؟ بۇ ھەقتە ئۆزىڭىزگە سەممىي سوئال قويۇڭ.

2. شىركىتىڭىزنىڭ بۇرچ باياناتىغا قاراپ چىقىڭ ھەمدە شىركىتىڭىزنىڭ بۇرچ باياناتى بويىچە ئىش قىلىۋاتقان-قىلمايۋاتقانلىقىنى باھالاڭ. شۇئار بىلەن ھەرىكەتنىڭ پەرقىنى چۈشىنىشكە ۋە ئۆلچەشكە تىرىشىڭ.

3. بۇرچ، نىشان، ۋەزىيەت تەھلىلى، ئىستراتېگىيە تۈزۈش، ئىجرائات ۋە كونترول قىلىشتىن تەركىب تاپقان ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش جەريانى ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قاراتمىلىققا ئىگە ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيەنى بېكىتىشى ئۈچۈن ئېنىق لايىھە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرلا بۇ جەرياننىڭ ئالتە قەدەملىك مېتودىنى ئىشلىتىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانغا يېتىش جەھەتتىكى شەخسي ئىستراتېگىيەڭىزنىڭ رامكىسىنى بېكىتىڭ.

4. سىز «بۇرچ» بىلەن «نىشان»نىڭ پەرقىنى چۈشىنەمسىز؟ بۇرچ سىزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىڭىزدىكى سەۋەب، شۇنداقلا شەخس ياكى شىركەت بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن مەقسىتىڭىزنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىش شەكلىڭىزدۇر. نىشان ئاشۇ بۇرچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېكىتىلگەن غايىلەردۇر. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئۆز بۇرچىڭىزنى كېسەللەرنى ساقايتىش دەپ قارىسىڭىز، بۇ بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە قانداق نىشانلارنى بېكىتەلەيسىز؟

ئىنگلىزچىدىن ھېمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ھەربىر رەھبەر چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سەككىز تۈرلۈك ئەخلاق مىزانى

راچېل ۋېلىس

# ھەربىر رەھبەر چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك
# سەككىز تۈرلۈك ئەخلاق مىزانى

راچېل ۋېلىس

سىزنىڭ خەۋەر سەھىپىلىرىنى زىيارەت قىلغاندا ياكى تېلېفونىڭىزدىكى خەۋەر ئەپلىرىدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇشنى ئاچقىنىڭىزدا، يەنە بىر قېتىملىق شىركەت سەتچىلىكىگە شاھىت بولغان ۋاقتىڭىز قاچان؟

سىز دەسلەپتە بەلكىم بۇنىڭدىن ھاڭ-تاڭ قېلىشىڭىز مۇمكىن ... ئەمما، بۇ سەتچىلىكلەر قانداقتۇر يېڭىلىق بولمىغاچقا، بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنى بىنورمال ھېس قىلماس بولۇپ قالىسىز.

ئەمما، مەۋجۇت رەھبەر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى سىزنىڭ قولىڭىزدا. تەشكىلاتىڭىزنىڭ ئاتموسفېراسىنى ئۆزىڭىز تەڭشىيەلەيسىز. سىز ئەخلاقىي ئاڭغا ئىگە رەھبەر سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنەلەيسىز. ئۆزىڭىزگە قاتتىق ئەخلاقىي ئۆلچەم قويۇش ئارقىلىق، (ئۆزىڭىز ۋە تەشكىلاتىڭىز توغرىسىدىكى) باھالارنى ئۆزگەرتەلەيسىز ھەمدە كەسىپداشلىرىڭىزنىڭ، خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىڭىزدىكىلەرنىڭ ۋە خېرىدارلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. سىز «ياخشى كۆرۈنۈش» ياكى ۋاقىتلىق شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەخلاقتىن ۋاز كەچمەي، پرىنسىپ بويىچە ياشايدىغان ۋە ئىشلەيدىغان رەھبەر سۈپىتىدە شەخسىي ئوبرازىڭىزنى يارىتالايسىز.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك، چۈنكى بىۋاسىتە گۇرۇپپىڭىزدىكىلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تەشكىلاتتىكى خىزمەتچىلىرىڭىز، سىزنى ئۈلگە قىلىپ، ھەرىكىتىڭىز، خىزمەت ئەخلاقىڭىز، رەھبەرلىك ئۇسلۇبىڭىز ۋە خاراكتېرىڭىزنى كۆزىتىشى مۇمكىن.

## رەھبەرلىك ئەخلاقى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟

كىشىلەر ئۆزىگە يۈقىرى تەلەپ قويىدىغان، ئۆز ئەخلاق مىزانىغا رىئايە قىلىدىغان ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈلگە بولىدىغان رەھبەرلەرگە ئەگەشكەندە، ئاشۇ رەھبەرلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلارغا قايىل بولىدۇ، خىزمەتنى تېخىمۇ بەك بېرىلىپ ئىشلەيدۇ ۋە باشقىلارغا ئۆز شىركىتىنى تېخىمۇ بەك ماختاپ بېرىدىغان بولىدۇ.

ۋۇ ۋېيلىنىڭ (Wei-Li Wu) «پسىخولوگىيە پەللىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان 2021-يىلدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە ئەخلاقىي رەھبەرلىكنىڭ ئەمگەك كۈچىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇنداق تەكىتلەنگەن:

«ئەخلاقىي مىجەز ئۆلچىمى ئەخلاقىي رەھبەرنىڭ ئادەملىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئەخلاق ئۆلچىمى يۇقىرى كىشىلەر سەمىمىي، پرىنسىپال، ئىشەنچلىك ۋە يېقىشلىق دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئەگەشكۈچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەخلاقىي باشقۇرغۇچىلىق ئۆلچىمى ئەخلاقىي رەھبەرلەرنىڭ قايسى تەرزدە ئۆز كۈچىدىن پايدىلىنىپ خىزمەت ئورنىدا ئەخلاقىي مۇھىت يارىتىشنى تەسۋىرلەيدۇ.»

«ئەخلاقىي رەھبەرلەر تەشكىلاتلاردا ئەخلاق نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇلار ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن ئېنىق ئەخلاق ئۆلچىمى بېكىتىدۇ ۋە بۇنى ئۇلارغا بىلدۈرىدۇ ... چۈنكى بىر گۇرۇپپىنىڭ ئەخلاقىي رەھبەرلىرى سەمىمىي، پرىنسىپال ۋە ئىشەنچلىك بولغاچقا، ئەگەشكۈچىلەر خىزمەت مۇھىتىدا ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە مايىل كېلىدۇ. ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا ئەخلاقىي رەھبەرلىكنىڭ ئەگەشكۈچىلەردە ئىشەنچ ۋە پسىخىكا بىخەتەرلىكنى يېتىلدۈرەلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.»

## رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقلار

تۆۋەندىكىلەر بۇ يىل سىز شەخسىي نىزامنامىڭىزغا كىرگۈزۈشىڭىز كېرەك بولغان سەككىز تۈرلۈك ئەخلاق بولۇپ، بۇلار سىزنىڭ ئاكتىپ ھالدا ۋە سەمىمىيلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىشىڭىزغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ:

### 1. ئىزچىللىق

ئىزچىللىق ئەخلاقىي رەھبەرنىڭ — بولۇپمۇ ئالاقە جەھەتتىكى — مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇچۇرىڭىزنى يەتكۈزگەندە كۆپچىلىككە قارىتا ئىزچىل ۋە ئوچۇق-

يورۇق بولۇڭ. شۇنچىكى ئوخشىماسلىق كۆرۈلسە، سىز ئىشەنچسىز دەپ قارىلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنداقلا ئەگەشكۈچىلىرىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن سىزدىن نېمىلەرنى كۈتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئىزچىللىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىشەنچنى كۈچەيتىدۇ، چۈنكى كىشىلەر سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە تەكرارلانغان قىلمىشلىرىڭىز ئارقىلىق باھا بېرىدۇ.

2. سەممىيەت

سىز ئۆزىڭىزگە، ئۆزىڭىز ئەخلاقىي جەھەتتىن توغرا دەپ قارىغان پرىنسىپلارغا سادىق بولدىڭىزمۇ؟ چىقىرىش ئەڭ قىيىن قارارلارنىڭ بىرى، مۇشكۈل تاللاشلارغا ياكى تاشقى بېسىمغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھەمىشە توغرا ئىش قىلىشنى قارار قىلىشتۇر. ئەمما، سىز سەممىيىتىڭىزنى يوقاتسىڭىز، گۇرۇپپىڭىزدىكىلەر سىزنىڭ توغرا ئىش قىلىش ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ.

3. ھۆرمەت

ھۆرمەت — خىزمەت ئورنىدا ئۆز ئارا كۈتۈلىدىغان نەرسىدۇر. سىز كارخانا قاتلىمىدىكى ئورنىڭىز سەۋەبلىك ھۆرمەتلىنىپلا قالماي، يەنە قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك. بارلىق ئەترەت ئەزالىرىغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭىزنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ۋاقتىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

4. جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش

بەلكىم رەھبەرلەر كەسپىي ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قىيىن ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھېسسىي ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەزىلەتتۇر. ئەمما، ئۆزىڭىزنى جاۋابكارلىققا تارتىش پايدىلىق بولۇپلا قالماي، زۆرۈردۇر.

بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە قارىتا سەممىي ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە قائىدىلەرنى ئۆز مەقسىتىڭىزگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇرمىلىمىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە سىزنىڭ كەسپىي تەرەققىياتىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنى تونۇغان ۋاقتىڭىزدا، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىڭىزنى بىلەلەيسىز، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنالايسىز ۋە خاتالىقىڭىزدىن ساۋاق ئالالايسىز.

5. باراۋەرلىك

غايىلىك رەھبەر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، چوقۇم ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدا، سىياسەتتە ۋە تەرتىپتە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان باراۋەر سۈپا بەرپا قىلىشقا تىرىشىشىڭىز كېرەك. تەشكىلاتىڭىزدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، ئەندىشىلىرىڭىزنى سۆزلەشتىن قورقماڭ.

6. ھېسداشلىق

ھېسداشلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلىش 2024-يىلىدىكى ئەڭ ئارزۇلىنىدىغان رەھبەرلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. خىزمەتچىلەر رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىنى ھەرىكەت ئارقىلىق ھەقىقىي نامايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆزىڭىزنى گۇرۇپپا ئەزالىرىڭىزنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئاڭلاش ھەمدە سۆز-ھەرىكىتىڭىزنىڭ تەسىرىنى ئويلىشىش ئارقىلىق ھېسداشلىقنى مەشىق قىلىڭ ۋە بىلدۈرۈڭ.

7. ھوقۇق بېرىش

گۇرۇپپىڭىزدىكىلەرنى قانچىلىك ئىلھاملاندۇرىسىز ۋە ئۇلارغا قانچىلىك ھوقۇق بېرىسىز؟ رەھبەرلىكنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى رەھبەرلەرنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدىن قانچىلىك رەھبەر يېتىشتۈرۈپ چىقالىغانلىقىدۇر. سىز گۇرۇپپا ئەزالىرىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ يۈكسەلدۈرەلەمسىز؟ ئۇلارغا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقىنى بېرەمسىز؟ ئۇلارنى تېخىمۇ مۇنەۋۋەر قىلىش ئۈچۈن مەشىقلەندۈرەمسىز؟ ئۇلار سىزدىن ئىلھاملىنىپ، شىركەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىشقا بەل باغلىدىمۇ؟

8. ئىزچىللىق

ئاخىرىدا، ئىزچىللىق ھەر بىر رەھبەرنىڭ كۈنتەرتىپىدە بولۇشقا تېگىشلىك تەشەببۇستۇر. سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق، شۇنداقلا شىركەت مىقياسىدىكى سىياسەتلەر ۋە كۈندىلىك گۇرۇپپا جەريانى ۋە مەشغۇلاتلىرى ئارقىلىق، بۇ پىلانېتانى (يەنى يەرشارىنى) قوغداشقا ھەسسە

قوشۇش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يېشىل كەلگۈسىگە تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتىڭىز بار. دېلويىتقا (Deloitte) كۆرە، ئىزچىللىق يەرشارى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە تۇتۇپ قېلىشقىمۇ پايدىلىق.

بۇ سەككىز تۈرلۈك ئەخلاقنى بۇ يىل ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، سەممىيەت بىلەن باشلامچىلىق قىلىشقا، ئۆزىڭىز ۋە تەشكىلاتىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشقا ۋە گۇرۇپپىڭىزدا كۆرمەكچى بولغان ھەرىكەتلەردە ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇشقا بەل باغلاڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.forbes.com/sites/rachelwells/2024/02/15/8-leadership-ethics-every-leader-should-live-by-in-2024/?sh=3a3ed3df1ae6




# ۋايس تاراتقۇ شىركىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۆكۈشى

ئىدرىس ناگرى

# ۋايس تاراتقۇ شىركىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۆكۈشى

ئىدرىس ناگرى

تاراتقۇ ماگناتلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە چۆكۈشى ھەممىشە مۇۋەپپەقىيەت، يېڭىلىق يارىتىش، خاتالىق، بەزىدە دراماتىك غۇلاش ھېكايىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ (Vice Media) ھېكايىسى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

ۋايس مېدىيا شىركىتى 1994-يىلى كانادانىڭ مونترېيال شەھىرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان چەت ئېقىم ژۇرنىلىدىن نەچچە مىليارد دوللارلىق تاراتقۇ ئىمپېرىيەسىگە ئايلىنىپ، ئاخىردا چوڭ چېكىنىش سەۋەبىدىن تاقىلىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن.

ۋايس مېدىيا شىركىتى ئۆزىنىڭ بىرلەشمە قۇرغۇچىسى ۋە سابىق باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى شېين سمىس (Shane Smith) دەۋرىدە، ژۇرنالدىن كىنو، تېلېۋىزىيە ۋە رەقەملىك ئېقىم تاراتقۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاراتقۇ ئىمپېرىيەسىگە ئايلاندى. 2017-يىلىغا كەلگەندە، ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ قىممىتى بەش مىليارد 700 مىليون دوللار بولۇپ، بۇ سۇپا يۈزلىگەن تالانتلىق ياش يازغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، شۇنداقلا دادىل ھەم ئىجادىي مەزمۇنلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

ۋايس مېدىيا شىركىتى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىگە زىت ماركىسى ۋە ئۆز مەزمۇنلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىلەرگە قاراتقان بىپەرۋا تۈتۈمى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ ئىجادچانلىقنى ئاساس قىلغان، تەۋەككۈلچى تەشكىلات ئىدى.

ۋايس مېدىيا شىركىتى مەزمۇن ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، كۈلتۈرەل ھادىسە پەيدا قىلغانىدى.

ھالبۇكى، ۋايس مېدىيا شىركىتى بازار قىممىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان شۇ يىلى سمىسنىڭ رەھبەرلىكى ئاخىرلاشتى. جىنسىي پاراكەندىچىلىك ۋە زەھەرلىك خىزمەت مۇھىتى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىركەتنىڭ ماددىي مۇۋەپپەقىيىتىگە سايە تاشلىدى. گەرچە سمىس ئۆزى جىنسىي پاراكەندىچىلىككە بىۋاستە چېتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ناتوغرا قىلمىشلار يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېزلا كۆرۈلدى ۋە تولىمۇ ئېغىر بولدى.

ۋايس ژۇرنىلى تەھرىراتى «MeToo ھەرىكىتى»، ئىرقىي ھېسابلىشىش ۋە خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىغا قارشى چەكلىمىلەرگە باش ئەگدى. بىر مەھەل ئىسيانكار تۈتۈم ئىزھار قىلغان مەزكۇر

نەشرىيات بىردىنلا كۈچلۈك ئەخلاقىي مەۋقەنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بەلگە خاراكتېرلىك مەزمۇنلىرىنى «چاتىقى بار، ھاقارەتلىك ۋە زىيانلىق» دەپ ئەيىبلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىقچىلىق سۈپىتىمۇ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىدى.

ۋايىس مېدىيا شىركىتى قايتىدىن جانلىنىش ئۈچۈن، 400 مىلىيون دوللار خەجلەپ، قىزلارنى نىشان قىلغان «Refinery29» دېگەن تور تاراتقۇ سۇپىسىنى سېتىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ سۇپىنى سېتىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جورج فلويىد ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئامېرىكانىڭ لىبېرال بوشلۇقىدا سىياسىي ئىنقىلاب قوزغالدى. قارا تەنلىك خىزمەتچىلەر ۋە يازغۇچىلار ۋايىس مېدىيا شىركىتىنى زەھەرلىك، ئىرقچىلىق كۇلتۇرىنى كۈرۈكلەيدۇ، دەپ ئەيىبلىدى.

رەسمىي تەكشۈرۈش باشلىنىپ، Refinery29 نىڭ باش مۇھەررىرى كىرىستېن بارېبېرىچ (Christene Barberich) تاپا-تەنە سادالىرى ئىچىدە خىزمەتتىن قوغلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا تالاش-تارتىش كۈچىيىپ، سىياسىي جەھەتتە توغرا بولغان مەزمۇنلار كۆپەيدى، شىركەتنىڭ پاي بازىرىغا كىرىش ئۈرۈنۈشى مەغلۇپ بولدى. 2023-يىلى، كەڭ كۆلەمدە خادىم قىسقارتقان، يېڭى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تەيىنلىگەن ۋە جورج سوروسنىڭ مەبلىغىگە ئېرىشكەن بولۇشقا قارىماي، ۋايىس مېدىيا شىركىتى ۋەيران بولدى.

ۋايىس مېدىيا شىركىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە يىقىلىشى توغرىسىدىكى ھېكايە نوقۇل ھالدا بىر تاراتقۇ شىركىتىنىڭ خاتالىشىپ قالغانلىق ھېكايىسى ئەمەس. ئۇ رەقەملىك تاراتقۇلارنىڭ ئەندىزىسىدىكى ئۆزگىرىشنى، قوبۇللىغۇچىلارنىڭ دىتى ۋە ئىستىكىدىكى ئۆزگىرىشنى، رەقەملىك دەۋردىكى كۇلتۇر، سىياسەت ۋە سودىنىڭ مۇرەككەپ دىنامىكىسىنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى خىرىسنى ئەكس ئەتتۈردى.

## ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ۋايىس مېدىيا شىركىتىنىڭ چۆكۈشىدىكى رولى

ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ، ۋايىس مېدىيا شىركىتىنىڭ يىقىلىشىنى مۇلاھىزە قىلىش ئىمكانسىزدۇر. رەقەملىك ئەندىزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەزمۇن ئىستېمالىنىڭ دىنامىكىسىمۇ ئۆزگەردى. ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېڭى جەڭگاھقا ئايلاندى، ۋايىس مېدىيا شىركىتى باشقا نۇرغۇن شىركەتلەرگە ئوخشاش بۇ خىل بۇرۇلۇشنىڭ دەردىنى تارتتى.

ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ ئىجادىي ۋە دادىل تۇتۇم ئارقىلىق بىر مەھەل تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان مەزمۇنلىرى، تاماشىبىنلارنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىۋاتقان مايىللىقى ئالدىدا جەلپكارلىقىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ۋايس مېدىيا شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزگە تارتقان، 1981 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلۇپ، ئىنتېرنېت دەۋرىدە چوڭ بولغان كۆرۈرمەنلەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، دىتى ئۆزگەردى. «Z نەسىل» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد قۇرامىغا يېتىپ، يېڭى ھېسسىيات ۋە ئىستەكلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىر مەھەل ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ تاماشىبىنلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشلانغان مەزمۇنلار ئەمدىلىكتە مەسىلە بار ۋە كىشىنى بىزار قىلىدۇ، دەپ قارىلىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، تاماشىبىنلارنىڭ مايىللىقىدىكى ئۆزگىرىش بىردىنبىر خىرىس ئەمەس. ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىمۇ دىققەتنى تالىشىش رىقابىتىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. يۇۋتيۇب، فېيسبۇك ۋە تىك ـ توكقا ئوخشاش سۇپىلار نوقۇل ھالدا مەزمۇن تارقىتىش قانالىلىرىلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەزمۇن ئىجادچىلىرى بولۇپ، ئۇلار كەسپىي خادىملار ئىشلەپچىقارغان مەزمۇنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق ۋە تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن بولغان، سان ـ ساناقسىز ئابونتلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مەزمۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئەندىزىسى كۆنسېرى سىياسىيلەشتى. جورج فلويدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىرقىي ھېسابلىشىش سىياسىي مەزمۇنلارنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋايس مېدىيا شىركىتى ئېقىمغا ئەگىشىش يۆزىسىدىن بۇ يۈزلىنىشكە باش ئەگدى. لېكىن، تەھرىراتنىڭ مەۋقەسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ چۈكۈشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

ۋايس مېدىيا شىركىتى تاماشىبىن ئاساسىنى كېڭەيتىش ۋە مەزمۇننى كۆپ خىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە سېتىۋالغان «Refinery29» كۆتكەننىڭ ئەكسىچە ئۇنۇم بەردى. ئىرقىي ھېسابلىشىش جەريانىدا، قارا تەنلىك خىزمەتچىلەر ۋە يازغۇچىلار ۋايس شىركىتىنى زەھەرلىك، ئىرقچىلىق كۈلتۈرىنى كۆرۈكلەش بىلەن ئەيىبلىدى. بۇ تالاش ـ تارتىشقا شىركەتنىڭ ئاللىبۇرۇن خۇنۇكلەشكەن ئوبرازى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ زىيانلىدى.

ئىنتېرنېت دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە مەيدانغا كەلگەن تاراتقۇلارنىڭ كېلەچىكى

ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ ھېكايىسى كونتروللىسىز ئېشىشنىڭ خەۋپى ۋە نىشانلىق تاماشىبىنلارغا ماس كېلىدىغان سىجىل ماركا ئوبرازىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە قوبۇللىغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ھېسسىياتىنى ئېنىق چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئېقىمغا ئەگىشىشنىڭ يوشۇرۇن خەۋپىنىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مەسئۇلىيەتچان سودا تۈتۈمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى — بولۇپمۇ تالاش-تارتىش ۋە كرىزىس ئالدىدا — تەكىتلىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ بۇ سۇپىلارنىڭ قوبۇللىغۇچىلارنىڭ ئىستىكى ۋە مايىللىقىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىنتېرنېت دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە مەيدانغا كەلگەن تاراتقۇلارغا نىسبەتەن، ۋايس مېدىيا شىركىتىنىڭ ھېكايىسى رەقەملىك مېدىيا ئەندىزىسىنىڭ مۇرەككەپ دىنامىكىسىنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى ماسلىشىشچانلىق، قوبۇللىغۇچىلارنى چۈشىنىش، ئەخلاق يېتەكچىلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچان سودا تۈتۈمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تەنبىھ ھېكايىسىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.clickz.com/unravelling-the-rise-and-fall-of-vice-media/269290/?amp=1



# پات بۇچانان ۋە «ئامېرىكا مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» تاشقى سىياستى

فرانسىس سىمپا

# پات بۇچانان ۋە «ئامېرىكا مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» تاشقى سىياستى

فرانسىس سېمپا

پاترىك ج.بۇچانان (Patrick J. Buchanan) ئەمدى كۆپلىگەن تاراتقۇلاردا تەڭ ئېلان قىلىنىدىغان مەخسۇس ستون ماقالىسى (syndicated column) يازمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئېگىلىنىشىچە، 84 ياشلىق بۇچانان ھازىر ئەسلىمە يازماقتا ئىكەن. دونالد ترامپ سىياسىي سەھنىگە چىقىشتىن خېلى بۇرۇنلا، بۇچانان «ئامېرىكا مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن تاشقى سىياسەتكە ئىدىيەۋى ئاساس سېلىپ بولغانىدى. بۇ ئاساس ئۇنىڭ «ئىمپېرىيە ئەمەس، جۇمھۇرىيەت» (1999) ۋە «ھېساب كۈنى»دىن (2007) ئىبارەت ئىككى كىتابىدا ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇچانان 1996-يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پرېزىدېنتلىق نامزاتلىقى رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئىمپېرىيە ئەمەس، جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئەسىرىنى يېزىشقا باشلىغان. نىكسون ۋە رېگان ھۆكۈمەتلىرى مەزگىلىدە ئاقساراىدا خىزمەت قىلغان، سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدىكى قاتتىق قوللاردىن بولغان بۇچانان ئامېرىكانىڭ سوغۇق ئۇرۇشتىكى غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى سىياستىنىڭ يىلتىزىغا ــ بۇ پرېزىدېنت جورج ۋاشىڭتوننىڭ ۋىدالىشىش نۇتقىدا ھەمدە دۆلەت سېكرېتارى جون كۇئىنسى ئادامسىنىڭ (John Quincy Adams) «چەتئەللەرگە چىقىپ يالماۋۇزلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش»تىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى تەكلىپىدە ئېنىق بىلدۈرۈلگەن ــ قايتىشىنىڭ ئورنىغا، چەتئەلدىكى يۈكىنى زورايتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇچانان مۇنداق دەپ يازىدۇ: ھەر ئىككى پارتىيەدىن بولغان ئامېرىكا رەھبەرلىرى سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاتالمىش «تىنچلىق دارامىتى» سەۋەبىدىن مۇداپىئە چىقىمىنى ئازايتقان بولسىمۇ، «تەكەببۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىك» سەۋەبىدىن «چېكىدىن ئاشقان جاھانگىرلارچە كېڭەيمىچىلىك» بىلەن شۇغۇللانماقتا. بىز شەرقىي ياۋروپادا، بالقان رايونىدا، ئوتتۇرا شەرقتە ۋە پارس قولتۇقىدا زىممىمىزگە بارغانسېرى كۆپ مەسئۇلىيەت (يۈك) يۈكلىسەك، ئامېرىكانىڭ كۈچى داۋاملىق ئاجىزلايدۇ، بۇنىڭ تاشقى سىياسەت ئاپەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى شەكسىز.

بۇچانان جورج ۋاشىڭتوننىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغان ھالدا، سوغۇق ئۇرۇشنى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى «پەۋقۇلئاددە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلىق»قا موھتاج بولغان «ئالاھىدە مەزگىل» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭغا كۆرە، سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ

يىمىرىلىشى بىلەن، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە جەنۇبىي كورىيە ئەمدى ئۆز مۇداپىئەسىنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايتتى. ئامېرىكا يېڭى بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، چەتئەللەرگە ئالاقىدار ــ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ (تۆۋەندە «ناتو» دەپ ئېلىنىدۇ.ـت) رۇسىيە چېگراسىغىچە كېڭىيىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ــ تېخىمۇ كۆپ ۋەدىلەرنى بەردى. بۇچانان جورج كېناننىغا (George F. Kennan) ئوخشاشلا، بۇ ھەرىكەتنى «ئامېرىكانىڭ سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى پۈتكۈل سىياسەتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئەجەللىك خاتالىق» دەپ قارايتتى. «ناتو ئامېرىكا ئۈچۈن سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىتتىپاقتىن ئامېرىكانىڭ ھامىيلىقىغا موھتاج ئىتتىپاقا ئۆزگەردى» دەپ قارايدىغان بۇچانان بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «ناتونىڭ كېڭىيىشى بىزنىڭ ھەقىقىي بىخەتەرلىك مەنپەئەتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئامېرىكا تارىخى ۋە ئەنئەنىسىنى بىلمەسلىكتىن مەنبەلەنگەن پەلپەتىش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكىتىدۇر.»

بۇچانان ناتونى كېڭەيتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن بىرىنىڭ خىتاي بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا «ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى» شەكىللەندۈرۈپ، نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي-سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئىختىلاپلىرىنى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان قالتىس ئۈچ تەرەپ دىپلوماتىيەسىنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇچانانىنىڭ بۇ يەردىكى كۆزىتىشى جۇغراپىيەۋى سىياسەتتىكى «ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكى ياۋروئاسىيانىڭ جۇغراپىيەۋى سىياسىي كۆپ خىللىقىغا باغلىق» دېگەن ئۇللۇق ساۋاتىنىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن، كلىنتون ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئېھتىماللىققا دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. مەزكۇر ھۆكۈمەت ناتونىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك شەرقكە كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، ئالبانىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا، قاراتاغ، سلوۋېنىيە، كىرودىيە ۋە شىمالىي ماكېدونىيە قاتارلىق 14 يېڭى دۆلەتنى ناتوغا ئەكىرىش مۇساپىسىنىمۇ باشلىدى. ئامېرىكانىڭ يادرو كاپالىتى ئاخىرىدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە كېڭەيتىلدى. 2007~2008-يىللىرى، كىچىك بۇش ھۆكۈمىتى گرۇزىيە ۋە ئۇكرائىنانى ناتوغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى.

ئەمما «ئىمپېرىيە ئەمەس، جۇمھۇرىيەت» دېگەن كىتابىنىڭ كۆپىنچە قىسمى ئامېرىكانىڭ ئەڭ يېڭى ۋەدىلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئاقىلانە ئەنئەنىگە زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋاشىنگتوننىڭ ۋىدالىشىش نۇتقى بۇ ھېكايىنىڭ مەركىزىدۇر. ۋاشىنگتون ۋە ۋىليام خوۋارد تەفتكىچە (William Howard Taft) بولغان بارلىق پرېزىدېنتلار «ئامېرىكا دېموكراتىيەنى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىشكە تىرىششى ھەمدە ئىتتىپاقلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبىدىن ئۇزۇن داۋاملىششى كېرەك» دېگەن قاراشتىن ھەيران قالغان بولاتتى. ھالبۇكى، 20-ۋە 21-ئەسىردىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز بىلەن قىممەت قاراشلىرىمىز باراۋەردۇر» دەيدىغان ئىدىيەۋى تورزاقا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىككىسى ئوخشاش ئەمەس.

شۇڭلاشقا جون كۋىنسى ئادامس ئامېرىكالىقلارنى «بىز بارچە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك تىلىگۈچى بولساقمۇ، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭلا ھىمايىچىسى ۋە قوغدىغۇچىلىرىمىز» دېگەن نۇقتىنى تونۇپ يېتىشكە ئۈندىگەن.

گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر باش ۋەزىرى ئوتتو ۋون بىسمارك (Otto von Bismarck): «ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە چېتىشلىق بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشى بىھۇدىدۇر» دېگەنىدى. بۇچانانىنىڭ قارىشىچە، ناتونى رۇسىيە چېگراسىغىچە يېقىنلاشتۇرۇش ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، بولۇپمۇ كىچىك بوش ھۆكۈمەتنى رۇسىيە رەھبەرلىرىگە ئامېرىكانىڭ بۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق. بۇچانانىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «بىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقنى (يەنى ناتونى) رۇسىيە چېگراسىغىچە كېڭەيتىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قوشۇلغاندا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىلىرىمىزگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.» نەتىجىدە، رۇسىيەنىڭ بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس. سۇسان ئېيزىنخاۋېر (Susan Eisenhower) ئېيتقانىدەك: «پۈتكۈل رۇسىيەنىڭ (ئۆكتىچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ ناتونىڭ كېڭىيىشىگە زور دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.» ۋەھالەنكى، بۇ ۋىلادىمىر پۇتىن رۇسىيەگە پىرىزىدېنت بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى.

بۇچانان يەنە كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ بالقان رايونىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتنى ئەمەس، قىممەت قاراشنى ئاساس قىلغان ھەربىي ھەرىكىتىنى تەنقىد قىلىپ، «ئامېرىكا ئۆزىنى كونكېرت دۆلەت مەنپەئەتى بولمىغان بىھۇدە ئۇرۇشلارغا سۆرەپ كىرىدىغان <يېڭى ئىمپېرىيە> سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ ھەتتا «ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئامېرىكانى ئوتتۇرا شەرقتىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىسلامىي جىھادىي ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەنىدى.

بۇچانانىنىڭ ئۆزىنىڭ بەزى پەرەزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۆرۈشكە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمىدى. ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرغىنىدەك، ناتونىڭ كېڭىيىشى رۇسىيەنىڭ مىللەتچى-جاھانگىر ھاياجىنىنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى خىتاينىڭ قوينىغا تېخىمۇ بەك ئىتتىردى. ئامېرىكا ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى قوزغىدى، «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن تېرورلۇق ھۇجۇملىرى بۇ ئۇرۇشنى قالايمىقان ۋە يۇقىرى چىقىملىق ئىشغالىيەتكە ھەمدە دېموكراتىيەنى پۈتۈن رايونغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇنىدىغان «ئەھلى سەلىپ يۈرۈشى»گە ئايلاندۇردى. بۇچانان ناتو داۋاملىق كېڭىيىۋاتقان ۋە ئىككىنچى قېتىملىق پاس قولتۇقى ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە «ھېساب كۈنى» دېگەن ئەسىرىنى يازدى.

«ھېساب كۈنى» مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا «مەن دېمىگەنمىدىم؟» دېگەن كىتابتۇر. چۈنكى، بۇچاناننىڭ ئېيتقانلىرى توغرا چىققاندى. ئۇ كۆپچىلىككە جىن كىركپەترىكنىڭ (Jeane Kirkpatrick) سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكانى «نورمال» دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئەمما، ئامېرىكالىق تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن مەنبەلەنگەن تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك جاھانگىرلارچە كېڭىيىشنىڭ زىيادە ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇچانان چوڭ بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پاۋل ۋولفوۋىتز (Paul Wolfowitz) تەرىپىدىن يېزىلغان ئاتالمىش «ۋولفوۋىتز ئەسلەتمىسى»نى كەلگۈسىدىكى ئاۋارىچىلىقنىڭ ئىدىيەۋى ئۇرۇقى، دەپ قارىدى. ۋولفوۋىتز ئامېرىكانى «ئۆزىنىڭ ئاتامانلىقىغا خىرىس قىلىدىغان باشقا زور كۈچلەرنىڭ كۆچىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك بولغان» يېڭى رىم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەندى.

بۇچاناننىڭ كۆرسىتىشىچە، كىچىك بۇش دەسلەپتە (ئامېرىكانىڭ 28-نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى) ۋىلسونغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان يول تۇتقاندى. ئەمما، «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، پراگماتىزمچى كىچىك بۇش «دېموكراتچى» كىچىك بۇشقا ئايلانغان. بۇشقا كۆرە، ئەگەر بىز باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە «پات يېقىندا» تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك، ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرگە ئالدىن ھۇجۇم قىلىپلا قالماي، ئوتتۇرا شەرقنى دېموكراتىكلەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى قوزغىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئوتتۇرا شەرقتىكى بۇ دۆلەتلەر دېموكراتىكلەشكەندە، ئامېرىكا ئاندىن بىخەتەر بولالايتتى. بۇچانان بۇشنىڭ سۆزلىرىنى قايتا-قايتا نەقىل كەلتۈرۈپ، دېموكراتىزم (democratism) ئىدېئولوگىيەسىنىڭ كىچىك بۇش يولغا قويغان تاشقى سىياسەتلەرگە قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇچاناننىڭ يېزىشىچە، بۇش ۋىلسوندىنمۇ چاتاق ئىدى. چۈنكى، ۋىلسون دۇنيانى دېموكراتىيە ئۈچۈن بىخەتەر ماكانغا ئايلاندۇرماقچى بولغان بولسا، بۇش دېموكراتىيەنى دۇنيا مىقياسىدا يايماقچى بولغان. جورج ۋاشىڭتون ۋە جون كۇئىنسى ئادامس بۇنىڭدىن چوقۇم ھاڭ-تاڭ قالغان بولاتتى.

بۇچانان كىچىك بۇشنىڭ تاشقى سىياسىتىنى «قۇتقۇزغۇچى» تىپىدا ۋە «ئۇتوپىيەچە» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ دېموكراتىزم ئىدېئولوگىيەسى «تۈگىمەس ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرى ۋە ئايىغى چىقماس ئۇرۇشلار ئارقىلىق بۇ جۇمھۇرىيەتنى (يەنى ئامېرىكانى) قانسىرىتىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ ۋە پارچىلىۋېتىدۇ» دەپ پەرەز قىلغان. بۇچانان مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز جۇمھۇرىيەت بىلەن ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلدىن ھالقىپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز تۇراقسىز، چېكىنىش مۇقەررەر.» ئۇ ئامېرىكانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنى ۋالتېر لىپماننىڭ (Walter Lippmann) ئۆگۈتلىرىگە قۇلاق سېلىشقا ئۈندىگەن. ۋالتېر لىپمان ئۇنۇملۇك تاشقى سىياسەتنى «ئىمكانىيەتكە كۆرە ۋەدە بېرىلىدىغان سىياسەت» دەپ تەبىرلىگەن. بۇچانانغا نىسبەتەن، بۇ «سىقىش» (retrenchment) ۋاشىڭتون ۋە

ئادامسنىڭ تاشقى سىياسەت مېتودىغا قايتىشتىن، يەنى چەتئەلدىكى ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە تاشقى سىياسەتنىڭ نورمال ھالىتىگە قايتىشتىن دېرەك بېرەتتى.

بۇچانان يەنە ئامېرىكادىكى يېڭى تاشقى سىياسەت مۇنازىرىسىنىڭ يەرشارىلىشىش تەرەپدارلىرى (globalist) بىلەن پوپۇلىستلار (populist ـــ سىياسەتتە ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆز قاراش ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلار.ـ ت) ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. يەرشارىلىشىش تەرەپدارلىرى بولمىش تاشقى سىياسەت سەرخىللىرى خەلقئارالىق مەسىلىلەر ئۈچۈن دۆلەت ھالقىغان ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ ۋە يەرشارىنى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى تەرغىب قىلىدۇ؛ كونسېرۋاتىپ پۇقراچىلار بولسا (قانداقتۇر ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھالدا) ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى يادرو قىلغان تاشقى سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇچاناننىڭ پرىزىدېنتلىق سايلىمى پائالىيىتى ۋە تاشقى سىياسەت ھەققىدىكى كىتابلىرى دونالد ترامپنى ئاقسارايغا ئەكىرگەن «ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئاساسى ئىدى. دەرۋەقە، «ھېساب كۈنى»نىڭ ئاخىرقى جۈملىسى مۇنداق ئىدى: «ئامېرىكانى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان پەيت كەلدى.»

بۇنىڭدىن سىرت، بۇچانان يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نېمە ئۈچۈن «بىھۇدە ئۇرۇش» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر پارچە كىتاب يازغان. ھەتتا، ئۇ ئۆزى چوڭ بولىدىغان مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇۋالغان ۋىنستون چېرچىلنى مەغلۇبىيەتلىك دۆلەت ئەربابى، دەپ ئاتىغانىدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://kirkcenter.org/reviews/pat_buchanan_and_an_america_first_foreign_policy/



# غەنى باتۇر

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى غېنى باتۇر

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

غېنى باتۇرنىڭ دادىسى مۇھەممەت باقىر ئاكىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ئەسلىدە خوتەن قاراقاشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى ئىمىننىياز مىراب ئىشغالچى چىڭ سۇلالىسى 1760 - يىلىدىن 1767 - يىلىغىچە جەنۇبىي ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدىن زادىلا تىنجىمايۋاتقان ئۇچتۇرپان، خوتەن، قەشقەر ۋە يەركەن قاتارلىق جايلىرىدىن ئىلىغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ئادەم كۆچۈرگەندە خوتەن قاراقاشتىن ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەنلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈزى مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. غېنى 1901 - يىلى كۈزدە ئاشۇ تۇردىيۈزى مەھەللىسىدە، كەمبەغەل دېھقان مۇھەممەت باقىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. غېنى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنى مەكتەپكە بەرگەن. لېكىن، ئۇ ھاشار سىياستى تۈپەيلىدىن ئوقۇيالماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئون ياشلارغا كىرگەندە، مەھەللىسىنىڭ قويلىرىنى باققان. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە دادىسى بىلەن دېھقانچىلىق قىلغان. غېنى كىچىكىدىنلا ئىشچان ۋە كۈچلۈك، غەيرەتلىك بالا بولۇپ، بالا ۋاقتىدا چېلىشىشتا داڭ چىقارغان. غېنى ئېگىز بويى، گەۋدىلىك، يوغان باش، كەڭ ۋە سوزۇق يۈزى قىپقىزىل، قوي كۆز، كەم سۆز ئادەم بولۇپ يېتىلگەن.

1918 - يىلى كەچ كۈزدە مۇھەممەت باقىر ئاكا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن خامانغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا، ھويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىقىپ كەتكەن. مەھەممەت ئاكا ھويلىغا چىقىش بىلەن «غېنى قايسىڭ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندا، غېنى «مەن شۇ!» دەپ ئالدىغا چىققان. غېنىنى چاقىرغان بىر چېرىك بولۇپ، چېرىك غېنىنى باغلىماقچى بولغاندا، غېنى باغلاتماي ئېلىپ بارىدىغان يېرىڭگە ئېلىپ بار، ئەمما باغلىمايسەن دېگىنىدە، غېنىنىڭ ئاتا - ئانىسى چېرىكلەرگە يالۋۇرۇشقا باشلىغان. غېنى «مەن گۇناھسىز، بۇلارغا يالۋۇرماڭلار» مەن قايتىپ كېلىمەن، دېگەن. غېنى ئون ئاي تۇتقۇزتارا يامۇلىغا قامالغان. بۇ 10 ئايلىق تۈرمىدە غېنى كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلمىگەننى بىلىپ، ياشاش يولىنى ئۆگەنگەن ھەم كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشقان.

غېنى تۈرمىدىن چىقىپ كۆپ ئۆتمەي بىر كۈنى تۇتقۇزتارادا باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز قىلىۋاتقان ئاتلىق بىر قازاق يىگىتكە «مۇشۇ ئالا ئېتىڭنى ئاشۇ قارا ياغاچ تۈرىگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ كەلسەم نېمە دەيسەن؟» دەپ 150 مېتىر ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. قازاق يىگىت «ئەگەر دېگىنىڭدەك قىلساڭ، ئاتنى

ساڭا بەردىم، قىلالمساڭ توروۇق ئېتىڭنى ماڭا بېرىسەن» دەپ غېنىغا قول ئۇزاتقان. غېنى بارغان پېتى ئاتنى كۆتۈرۈپ قاراياغاچتىن 100 مېتىر نېرى يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قايتۇرۇپ كەلگەندە، خەلق ھەيران قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئىلىدا غېنىنىڭ گاڭگۇڭ (نوچى) دېگەن نامى پۇر كەتكەن. شۇندىن كېيىن زۇلۇمغا، جازانىخورغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان نوچىلار غېنىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان. ئۇلار زالىم بەگلەر، جازانىخور بايلار، ئەمەلدارلارنى تىللاپ، مەسخىرە قىلغان، ئېپى كەلسە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاپ، يېتىم - يېسىرلارغا بەرگەن. شۇڭا غېنى 1944-يىلىغىچە كۆپ قېتىم تۈرمىگە قامالغان. ھەر قېتىم تۈرمىگە قامالغاندا، ئۇ تۆمۈر كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ قاچقان. ساقچى باشلىقى غېنىنى بىر قېتىم ئالتە ئادەمگە باستۇرۇپ ئۇرغان. بىر قانچە قېتىم 100 - 200 ، ھەتتا 300 دىن جىق تاياق ئۇرۇپمۇ ئۇنى ئەسلا تىز پۈكتۈرەلمىگەن. غېنى 1941 - يىلى توققۇزتارا يامۇلىدىن نۇراخۇن دېگەن دوستى بىلەن قېچىپ كەتكەن. ئۇلار شۇ قاچقان پېتى شىخۇنىڭ جۇجيەنلۇ دېگەن يېرىگە بېرىپ، داۋۇر، ھاشىم توكۇر دېگەن كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر ئۆيگە كىرىپ، تۆت يامبۇ، بەش سەر ئالتۇن ئوغرىلاپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ بۆلۈشىمىز، دەپ ماڭغان. بىراق، داۋۇر بىلەن ھاشىم توكۇر ئىككىسى بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ نۇراخۇن بىلەن غېنىنى تۇتۇپ بەرگەن. ھاشىم توكۇر بىلەن داۋۇرلار كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتى ئۈچۈن توققۇزتارادا لوزۇڭ مەنسىپىگە ئېرىشكەن. نۇراخۇن بىلەن غېنى 12 كۈندىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ ئاتلىق يەنسىخەيگە كېلىپ، بىر قازاق ئۆيىدە تۇرغاندا، قوغلاپ كەلگەن چېرىكلەرگە ئۇچرىغان. غېنى ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ قاچقان. شۇ چاغدا چېرىكلەرنىڭ ئاتقان بىر ئوقى غېنىنىڭ يانپېشىغا تېگىپ، ماڭالماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن غېنى تۇتۇلۇپ، ساۋەنگە ئەۋەتىلگەن. ساۋەندە توققۇز كۈن قاماقتا ياتقاندىن كېيىن، ئۇ چېرىكلەرنىڭ ئىككى ئېتىنى ئېلىپ قېچىپ، نۇراخۇن بىلەن تېپىشىپ، بىر موڭغۇل تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قونغان. كېيىن، ئۇلار ھاشىم توكۇر بىلەن داۋۇردىن ئۆچ ئالماق ئۈچۈن توققۇزتاراغا بارغاندا، غېنى توققۇزتارادا تۇتۇلۇپ، ناھىيە تۈرمىسىگە قامالغان. ئۇلار غېنىنى غۇلجا ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، غېنى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ يەنە قاچقان. ئەتىسى غۇلجىغا كىرگەندە، يەنە تۇتۇلۇپ قالغان. شېڭ شىسەينىڭ قېيىن ئاتىسى غېنىنى غۇلجىدا 32 كۈن سوراقسىز قاماپ، «سەن بەش يىلدىن بۇيان ئون سەر ئالتۇن، 20 يامبۇ ئوغرىلاپسەن!» دەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. ئۇ ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ 4 - تۈرمىسىگە قامالغان. كېيىن 2 - تۈرمىگە يۆتكەلگەن. غېنى 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يەنە دۈشەنبە كۈنى 2 - تۈرمە ( ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئورنىدا ئىدى ) دىن يەنە قېچىپ كەتكەن. ئەينى يىللىرى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن كۆپ قېتىم ئۇتتۇقلۇق قاچالىغان نوچى پەقەت غېنى باتۇرلا ئىدى. بۇ قېچىش ئۇنىڭغا ئەڭ قۇتلۇق شەرەپلىك مەرتىۋە ئېلىپ كەلدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىلىدىكى نىلقا ناھىيەسىنىڭ ئۈلاستاي تاغلىرى ئىچىدە 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلاپ ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ، گومىنداڭ ئىشغالچى ئەسكەرلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا قاتتىق مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغاندا، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى 11 يىل ئىشغال قىلىپ، ستالىنىنىڭ ھىمايىسىدە يۈز مىڭلىغان تايانچ كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە سولاپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلۇمنى ئاخىرى پارتلاش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن شېڭ شىسەي ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى. يېقىنلىرى ئۇنىڭ ئائىلە مۈلۈكلىرىنى ۋە 11 يىل خەلقنى بۇلاپ توپلىغان بايلىقلىرىنى 50 ماشىنا بىلەن چۇڭچىڭغا توشۇدى. بۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەينىڭ خىتايغا كەتكەنلىك خەۋىرى تېزدىن ھەممە يەرگە تارقىلىپ، كىشىلەر خۇشال بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى پەقەت شېڭ شىسەينى يوّتكەپ كېتىش بىلەنلا رازى بولمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر شېڭ شىسەينىڭ كېلىشىنى بىلەتتى. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى گېنېرال جۇ شاۋلياڭنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، شېڭنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئىدى. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى بۇ ئۆلكىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مۇددىئاسىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە تېخىمۇ چوڭ ئاپەتنى تېرىغانلىقىنى ئالدىن ئويلاشمىغان بولسا كېرەك، ئۇ 1942 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئېيىغىچە بۇ ئۆلكىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقىنى تولۇق تارتىۋېلىش ھەققىدە باش قاتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپتە بۇ چوڭ ئىشقا زادىلا كۈچى يەتمىگەن ئىدى.

1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا، فاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، غېنى باتۇر، خەمىت باتۇر ۋە رەفىق باتۇر قاتارلىق ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ياشلىرى باشچىلىقىدىكى نىلقا پارتىزانلىرىنى ئۈلاستاي تاغلىرى ئىچىگە كىرىپ يوقىتىشقا ئۇرۇنغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئارقىمۇـ ئارقىدىن تارمار بولۇشقا باشلىدى. قوزغىلاڭ بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلاپ، بۇنىڭ پۈتۈن ئىلى، ھەتتا پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىنلىكى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنى موسكۋانىڭ شېڭ شىسەيگە ۋە ئۆزىگە كۆرسەتكەن رېئاكسىيەسى دەپ چۈشەندى. شۇڭا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى پەقەت شېڭ شىسەينى ئېلىپ كەتكەندىلا ئۆلكە تىنچلىنىدۇ، خەلقمۇ تىنچلىنىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ رازى بولىدۇ، دەپ خاتا پەرەز قىلغان ئىدى. ئاخىرى 1944 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست ئاتالمىش گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى خىتاي جۇمھۇرىيىتى ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلىپ، 11 ـ سېنتەبىر ئۇنى خىتايغا يۆتكەپ كەتتى. شېڭ شىسەينى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موسكۋانىڭ ئىنكاسىنى كۈزەتتى، ئەمما ستالىن ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئەمما، ستالىن تېخى

1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدىلا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە شىڭ شىسەيىنى يۆتكەپ كېتىش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتكەن. ھەتتا، ستالىن ئامېرىكا دىپلومات خادىمى ھاررىمان بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ شىڭ شىسەيىنى ئېلىپ كەتكەندە سوۋېت ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئوڭشىلىدىغانلىقىدىن سىگنال بەرگەن ئىدى. بىراق، جياڭ جېيشى بۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان. پەقەت نىلقا تاغلىرىدىكى ئوق ئاۋازىدىن كېيىن جياڭ جېيشى مەسىلىنى باشقىچە ئويلاشقا كىرىشكەن ئىدى.

ئۇنىداقتا، نېمە ئۈچۈن شىڭ شىسەيىنى ئېلىپ كېتىش كېرەك بولۇپ قالدى؟ بۇ ئىككى بېسىم بىلەن ئەمەلگە ئاشتى، بىرى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى دىپلوماتىيە بېسىمى، چۈنكى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، موسكۋانىڭ مەنپەئەتلىرىگە زەربە بېرىشى بىلەن گىتلېر فاشىزىمىغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ھەرىكەت پىروگراممىسى ۋە ھەمكارلىقلىرىغا دەخلى يەتكەن ئىدى. فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى خىتاينىڭ موسكۋانىڭ ئارقا ھويلىسى ـ «شىنجاڭ ئۆلكىسى» نى سوۋېتقا قارشى بازا قىلىشىنى موسكۋا قوبۇل قىلمايتتى. ئىككىنچىدىن، يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ئاتلىنىشى بولدى.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ستالىن ھۆكۈمىتى 1933 ـ يىلى، 12 ـ ئاپرېلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختكە چىققان شىڭ شىسەينى قوللاپ، بۇ ئۆلكىنى سوۋېت پەرەس رايونغا ئايلاندۇرغان، سوۋېت ھەربىي ـ سىياسىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا ھەر ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئۆلكىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ئىدى. ستالىن قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىپ بەرگەن ئىدى. ھەتتا 1938 ـ يىلى شىڭ شىسەي موسكۋاغا بېرىپ ستالىن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە سوۋېت كومپارتىيەسىگە ئەزا بولدى. تارىخچىلار ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ ئۆلكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى يېزىشقان.

فورېبس، مىللىۋارد، جاڭ داجۈن ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ ھەم شاھىدلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، 1941 ـ يىلىدىكى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۆزگىرىپ يېڭى خوجايىن ئىزدىگەن. ئۇ 1942 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن رەسمىي ئالاقە ئورنىتىپ، گومىنداڭ تەرەپكە مايىللىقىنى بىلدۈردى. 1943 ـ يىلى باھاردىن باشلاپ، 6 ـ ئايغىچە شىڭ شىسەي ۋە جياڭ جېيشى تەرەپ ئارىسىدا كۆپ قېتىملىق ئالاقىلار ئارقىلىق ئاخىرى شىڭ شىسەي 6 ـ ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن كومىسسارى دېكانازوۋ ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى يولىدىن توسۇشقا ئۇرۇندى. جياڭ جېيشى ئارقىدىنلا 7 ـ ئايدا جۇ شاۋلياڭ قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خېتىنى يەتكۈزدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جياڭ جېيشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. سۇڭ

مېيلىگىنىڭ زىيارىتى نەتىجىسىدە، شېڭ شىسەي 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىنى قولغا ئالدى.

ئارقىدىنلا 1943-يىلى 10-ئاينىڭ 5-كۈنى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى باش كونسۇلى پۇشكىنغا ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ سوۋېت خادىملىرىنى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. 1944-يىلى 4-ئاينىڭ بېشىدا قۇمۇلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 8-پولكى نامىدىكى قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، گومىنداڭ ئارمىيەسى ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئۆلكىگە كىرىپ ئورۇنلىشىشقا باشلىدى.

بۇ ئىشلار ستالىن ھۆكۈمىتىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. شېڭ شىسەي موسكۋانىڭ قايتا-قايتا خىزمەت ئىشلىشىگە پەرۋا قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆلكىنىڭ ھەممە ھوقۇقلىرى گومىندانىڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن 1944-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ گېرمانلارغا قارشى ئومۇمىي ھۇجۇمى باشلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبە قىلىشى كۆزگە كۆرۈنگەندە، شېڭ شىسەي بىردىنلا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە گومىندانىڭنىڭ مەمۇرىي، سىياسىي خادىملىرىنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى ۋە ستالىن ھۆكۈمىتىدىن كەچۈرۈم سوراپ، جىنايەتنى گومىندانگغا ئارتىپ، يەنە بىر قېتىم ستالىننىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى، بىراق، جوزېف ستالىن شېڭ شىسەينى ئەمدى بىر تەرەپ قىلىشتىن باشقا يول يوق، دەپ قارىغان ئىدى. ستالىن ھەتتا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە يازغان ئەپۇ سوراش ۋە يالغانچىلىق بىلەن تولغان خېتىنى جياڭ جيېشىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، 1944 - يىلى 11 - سېنتەبىردە، خوجا نىياز ھاجى باشلىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنى ۋە ئۇيغۇر قازاق قىرغىز، تۇڭگان، رۇس، ھەتتا خىتاي قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆپلىگەن مەشھۇر زاتلىرىنى ئۆلتۈرگەن شېڭ شىسەي ئاخىرى ئۆزىنىڭ بۇ 11 يىللىق پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. غېنى باتۇرمۇ بۇ قېتىمقى چوڭ ئۆزگىرىشكە تەسىر كۆرسەتكەن ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، كېيىنچە ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. چۈنكى، نىلقا پارتىزانلىرى ستالىن مەدەت بېرىۋاتقان ئازاتلىق تەشكىلاتىدىن ئىلگىرى ئىنقىلاب باشلاپ، سوۋېت تەرەپنى ھەيران قالدۇرغان ۋە تەمتىرىتىپ قويغان ئىدى.

يەنە ئازراق ئالدىغا قايتساق، غېنى باتۇر 1944 - يىلى 5 - ئاپرېل كۈنى تۈرمىدىن قاچقاندا، ئۇدۇل غۇلجىغا بېرىپ ھاشىم توكۇر ۋە داۋۇرلاردىن قاتتىق ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزدىگەندە، ئۇلار مەنسەپلىرىنى تاشلاپ يوشۇرۇنۇپ قېچىپ يۈرگەن. ئەمما، غېنى باتۇر ئىز بېسىپ ئۇلارنى قوغلىغان. شۇ كۈنلەردە، نىلقا ئولاستايدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، گومىنداڭ ئالتە ئوغرى دەپ ئاتىغان

پاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەر باتۇر، قۇربان بۇرھانىدوف، ئوسمان ئىبرايىموف، سېيىت ئاۋان ( ئەكبەرنىڭ ئىنىسى )، نۇر ئوبۇلۇپ، هوشۇر مامىتوف، مۇساقان قۇربان، خەمىت مۇسلىمۇف، رەپىق بايچۇرىن قاتارلىق پارتىزانلار گۇرۇپپىسى غېنى باتۇرنىڭ ئۇرۇمچىدە تۈرمىدە قاچقانلىقتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپقاندا، غېنى پارتىزانلارغا قوشۇلغان. پارتىزانلىق شتابى قۇرۇلغاندا، پارتىزانلارنى ئۈچكە بۆلۈپ، 1 ـ بۆلۈمگە ئەكبەر، 2 ـ بۆلۈمگە غېنى، 3 ـ بۆلۈمگە تۆگمەنچى رۇس ئىۋان مەسئۇل بولغان. ھەر بىرىنىڭ قىسمىدا 200 دىن پارتىزان بولۇپ، نىلقىغا يۈرۈش قىلغان ۋە پارتىزانلار 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا نىلقىغا باستۇرۇپ كىلىپ نىلقىنى ئازاد قىلغان.

غېنى باتۇر شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن «غېنى باتۇر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا تەرەپتىن ئون ماشىنىدا كەلگەن ئەسكەرلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، مازار رايونىغا كىرگۈزمەي يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالغاندا، غېنى باتۇر سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ساقچى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تۈرمىدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن قامالغان 30 نەچچە كىشىنى قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، يەنە تېخى نۇرغۇن قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالغان. مەزكۇر ئۇرۇشتىن كېيىن پارتىزانلار ئۈچ سەپ بويىچە غۇلجىغا يۈرۈش قىلغاندا، غېنى باتۇر ئالدىنقى سەپ قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ يول ئېچىپ ماڭغان. نەتىجىدە، 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىر، غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. غېنى باتۇر 1944 ـ يىلىدىكى مەشھۇر نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى غېنى باتۇرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ئالىي «خەلق قەھرىمانى» نامىنى بەرگەن ئىدى. غېنى باتۇر دەسلەپتە مەنسەپ تۇتماي، داۋاملىق ئۇرۇش قىلغان. شۇ يىلى قىشتىكى بورتالادىكى ئارشاڭنى ئازات قىلىش جېڭىدە قاتتىق يارىلانغان غېنى باتۇر سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىنچە، غېنى باتۇرنىڭ قارامىلىقى ۋە چۈسلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، بۇ قىيىن ۋەزىپە باشقىلارغا لايىق كۆرۈلگەن.

كېيىنچە، قىزىل خىتاي باندىتلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئاسانلا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، غېنى باتۇر بىلەن فاتىخ باتۇرلارنى چوڭ ئىسيان چىقىرىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئارام ئالدۇرۇش باھانىسىدە لەنجۇغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلىپ قويغان. چۈنكى، غېنى باتۇر بىر نەچچە يىل ئىلگىرى موسكۋادا داۋالىنىۋاتقان ۋاختىدا ستالىن بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەندە، خىتايپەرەس مولوتوفنىڭ خىتاي كومپارتىيە باندىتلىرىغا قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلمايلا :«گومىنداڭ ۋە گوڭسەنداڭ ئاق ۋە قارا ئىت، بىز ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ياخشىلىق كۆرمىدۇق!» دەپ جاۋاپ بېرىپ، مولوتوفنى قاتتىق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ليۇ شاۋچى موسكۋانى مەخپىي زىيارەت قىلغاندا، غېنى باتۇردەك

قارام ۋە جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنى قانداق تىزگىنلەش ھەققىدە قارار ئېلىنغان بولسا كېرەك. شۇ يىلى 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ غېنى باتۇر پاتىخ باتۇر بىلەن بىللە لەنجۇدا 1953 ـ يىلىغىچە «دەم ئېلىش باھانىسى» بىلەن نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغان.

تارىخ چاقى 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە، چوڭ بىر سىياسىي تازىلاشنى ئالدىن ھېس قىلىپ يەتكەن غېنى باتۇر نائىلاج سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچۈپ كېتىپ، ئىلگىرى كېيىن ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلاردا ياشىغان ھەمدە ئاخىرقى ئۆمرىنى قازاقىستاننىڭ ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالماتا ـ غۇلجا يولىغا يېقىن مەشھۇر يېزىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ غۇلجىدىن چىققاندا پەقەت كىچىك خوتۇنى ۋە ئىككى پەرزەنتىنىلا بىللە ئېلىپ چىقالىغان ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئايالىدىن تۇغۇلغان چوڭ قىزى ھەجەر بۇۋى كېيىنچە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە كۆچۈپ كەتكەن بىر ئۇيغۇرغا ياتلىق بولۇپ، 1961 ـ يىلى قىزى ئەختەر بۇۋىنى تۇغقان. كېيىنچە غېنى باتۇر سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، 1975 ـ يىلى ئۇلارنى تاشكەنتكە ئېلىپ كەلگەن.

بۇۋىسى غېنى باتۇر بىلەن تا ئۇ ئالەمدىن ئۆتكىچە بىر ئۆيدە ياشىغان ئەختەربۇۋىگە بۇۋىسىنىڭ يېڭىلمەس كۈرەشچان روھى، غۇرۇرى، غەيرىتى، ئۇنىڭ ئادىللىقى، خۇشچاقچاق پەزىلەتلىرى ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بولۇپمۇ غېنى باتۇرنىڭ ھەر كۈنى ھەر ۋاق تاماقتىمۇ يۇرتى غۇلجا، ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدىكى تۈگىمەس پاراڭلىرى ئەسلىمىلىرى، ئۇنىڭ بالىلىق ئۈسمۈرلىكىگە ھەمراھ بولغان ئىكەن. پالۋان بۇۋىسى ئەڭ كۆپ سۆزلەپ بېرىدىغان قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى، بۇۋىسى ئېيتقان سادىر پالۋان قوشاقلىرى، بولۇپمۇ «خىتاي ئاتىدۇ تاشقا، سادىر ئاتىدۇ باشقا» دېگەن مىسرالار ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى. غېنى باتۇرنىڭ نەۋرە قىزى ئەختەربۇۋى «خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇر مەن ئۈچۈن ھەم مىللىي غۇرۇر، ھەم شەخسىي غۇرۇرۇمدۇر، قېنىم ۋە پەخرىمدۇر» دېگەن سۆزلەر بىلەن ، بۇۋىسىنى سېغىنىش ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە ئەسلەپ بەرگەن.

ئەختەربۇۋى غېنى باتۇرنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر ئەسلىمىسى ھەققىدە توختىلىپ، : «بوۋام غېنى باتۇر ئاجايىپ قەيسەر، ۋىجدان غۇرۇرلۇق ئىنسان ئىدى، ئاجايىپ قەھرىمان باتۇر بولغىنىغا قارىماي، ھېچ بىر زامان ئۆزىنى ماختىمايتتى، پەقەتلا ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە، تارىخ ھەققىدە گەپ قىلاتتى» دېگەن.

غېنى باتۇرنىڭ جەسۇر، سۈرلۈك سىياقى ۋە خاراكتېرىنى ئەسلەپ، بۇۋىسىنىڭ ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ياستۇقىنىڭ تېگىگە مىلتىقىنى قويۇپ ئۇخلىغىنىنى ھېكايە قىلغان ئەختەربۇۋى «بوۋام بىرەرى دەرۋازىنى چەكسە، ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئاشۇ مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ چىقاتتىدە : ‹قايسىڭ

سەن؟ دوستمۇسەن دۈشمەنمۇسەن؟ كىم بولساڭ چىق! بولمىسا خىتاينى ئاتقاندەك ئېتىۋېتىمەن!›، دەيدىغان، بۇلارنى ھېچ زامان ئۇنتۇيالمايمەن» دەپ ئەسلەپ بەرگەن.

كېيىنچە، ئەختەر بۇۋى 20 ياشقا تولغان يىلى، يەنى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۇ مەشھۇر مىللىي قەھرىمانى غېنى باتۇر 79 يېشىدا ئالمۇتادا ۋاپات بولغان. ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ بېشى كۆن پېتىشتىكى قىبلە تەرەپكە ئەمەس، بەلكى كۈن چىقىش تەرەپتىكى شەرقىي تۈركىستانغا، يەنى غۇلجىغا قارىتىپ يەرلىككە قويۇلغان.

قىسقىسى، 1901 ـ يىلى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈزى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن غېنى باتۇر 1940 ـ يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، نىلقا ناھىيەسىدە مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى پاي ئوقىنى ئاتقۇچىلاردىن بىرى ئىدى. غېنى باتۇر مىللىي ئىنقىلاب جەريانىدا كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق ئۈلگىسىنى نامايىش قىلغان. شۇڭىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭغا «باتۇر» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ، دۈشمەن تەشۋىقاتىدىكى «ئوغرى» دېگەن يامان نامنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە مىللىي ھۆكۈمەت ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن «ئازادلىق» ، «ئىستىقلالىيەت» ، «باھادىرلىق ئۈچۈن» قاتارلىق كۆپلىگەن ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە كۆچۈپ چىققان. كېيىنچە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئاخىرىدا 1981 ـ يىلى 79 يېشىدا ئالمۇتا شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى غۇلجا ـ ئالمۇتا يولى ئۈستىدە بولۇپ، بۇ يولدىن ماڭغان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋە قازاق پەرزەنتى ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ئۆتۈشنى ئادەت قىلىپ كەلمەكتە.


كۆڭۈل ۋە تەن
قانداق قىلغاندا ھۆرمەتسىزلىككە
تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟
توبياس ۋۋير

# قانداق قىلغاندا ھۆرمەتسىزلىككە تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟

توبىياس ۋېۋېر

باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش ئىنسانىي ھاياتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

ھالبۇكى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ۋابا كەبى يامرىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، باشقىلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىش ئەتىگەندە تۇنجى بولۇپ تېلېفونىڭىزنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇچۇر ياكى ئىنكاس كۆرگەنگە ئوخشاشلا ئاددىي ئىش بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى خۇسۇسىي ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل ئۇچۇرلارنىڭ ئاممىۋىلىشىشىنىڭ ياخشىلىقىدىن يامانلىقى كۆپ. مەن بۇ يەردە «يامانلىق» دېيىش ئارقىلىق، بىزنى ئازاب، بىئاراملىق ۋە ئۈمىدسىزلىككە دۇچار قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۇچۇرلارنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن.

بۇ ئۇچۇرلارنىڭ بەزىلىرى تور ياكى يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا بولسۇن، بىزنى ئالاھىدە نىشانلىغان بولۇشى مۇمكىن.

قايسى تەرزدە تىل-ئاھانەتكە ئۇچرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ (يەنى بىز دۇچ كەلگەن تىل-ئاھانەت) بىزنى نۇرغۇنلىغان بىئاراملىقلارغا دۇچار قىلالايدۇ.

بۈگۈن بىز ئازابنى يەڭگىللىتىپ، كاللىمىزنى خاتىرجەملەشتۈرىدىغان بەزى ماھارەتلەر بىلەن، شۇنداقلا تەمكىنلىكىمىزنى يوقاتمىغان ئاساستا، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىزنىڭ قىزىل سىزىقىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئۇسۇللار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## ھۆرمەتسىزلىك مەسىلىسى

ھۆرمەت، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ھۆرمەتسىزلىك بىزنى بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچار قىلالايدۇ. شۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

كۇلتۇرەل مەسىلىلەر: نۇرغۇن كۇلتۇرلەردە مۇئەييەن دەرىجىدىكى شەرەپ ۋە ھۆرمەت شۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۆرپ-ئادەتلەرگە، تەبىقە تۈزۈلمىسىگە ياكى كۇلتۇرەل تەلەپلەرگە ھۆرمەت قىلماسلىق سۈركىلىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر: ئىجتىمائىي توپلاردا، ھۆرمەت ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ماقامنىڭ نامايەندىسى بولالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك كىشىنىڭ ئاشۇ توپتىكى ئورنىغا قارىتىلغان تەھدىت، دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى جەھەتتىكى مەسىلىلەر: بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قەدىرلەش تۇيغۇمىز قىسمەن ھالدا باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق قارايدىغانلىقى ۋە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا چېتىشلىق بولىدۇ. (باشقىلاردىن سادىر بولغان) ھۆرمەتسىزلىك كىشىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىغا ھەمدە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزەلەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا قارىتىلغان ھۇجۇم، دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىقىلار بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئازغىنە بىر قانچە ئۆرنىكى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئارقىلىق ھۆرمەتسىزلىكنىڭ قايسى تەرزدە ھېسسىي ئىنكاس قوزغىيالايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغانلىق تۇيغۇسى بىزنى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك ھېس قىلدۇرىدىغان ھەمدە «خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئىنكاس قايتۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىغۇزىدىغان ھېسسىياتلارنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىدۇر.

ھالبۇكى، بۇ خىل تۇيغۇلار بىزنى ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىمىز ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلغان تىپتىكى ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تەرزدە ئىش قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا بىز بۇ تۇيەيلى باشقىلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك، پاسسىپ ھالدا ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ دائىم بىزنى ئىشەنچسىز كۆرسىتىپ قويىدۇ.

بىز تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى ماھارەتلەر ئارقىلىق ھۆرمەتسىزلىككە ساغلام تەرزدە ئىنكاس قايتۇرۇش، تەمكىنلىكنى ساقلاش ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا چەك-چېگرالىرىمىزنى ئېنىق بىلدۈرۈش ۋە شۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

پەيلاسوپ ئېپىكتېتۇس (Epictetus) مۇنداق دېگەن:

«بىزنى ھاقارەتلەيدىغىنى باشقىلارنىڭ تىل-ئاھانىتى ياكى تاياق-توقمىقى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ شۇ ئىشلارنى <ھاقارەت> دەپ قارايدىغانلىقىمىزدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بىراۋ خۇيىڭىزنى تۇتقۇزغاندا، شۇنىڭدىن ئەمىن بولۇڭكى، خۇيىڭىزنى تۇتقۇزغىنى ئۆز كۆز قارىشىڭىزدۇر.»

تىزگىنلەش:

بىز باشقىلارنى تىزگىنلىيەلمەيمىز، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ شۇلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىمىزنى تىزگىنلىيەلەيمىز.

تەمكىنلىك پەلسەپىسىنىڭ يادرولىرىدىن بىرى «بىز ھاياتتىكى بەزى شەيئىلەرنى تىزگىنلىيەلەيمىز، يەنە بەزىلىرىنى تىزگىنلىيەلمەيمىز» دېگەن ئۇقۇمدۇر.

گەرچە بۇ ئاڭلىماققا تولىمۇ ئاددىيدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمىلەرنى تىزگىنلەپ، نېمىلەرنى تىزگىنلىيەلمەيدىغانلىقىمىزغا ھۆكۈم قىلغاندا دائىم خاتالىشىمىز. بۇ خاتالىقلار بىزنى بىئاراملىققا دۇچار قىلىدۇ.

بىز ئېنېرگىيەمىزنى ــ قانچىلىك تىرىششىمىزدىن ياكى ھېسسىياتىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ زىنھار ئۆزگەرمەيدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغاندا ئازابلىنىمىز. بۇ چارىسىزلىك، ئۈنۈمسىزلىك، ئېچىنىش ۋە مەنىستىمەسلىك تۇيغۇلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىز ئوي-خىياللىرىمىز، ئېتىقاد-كۆز قاراشلىرىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز قاتارلىق ئۆزىمىز مەسئۇل بولغان شەيئىلەرگە مەسئۇل بولمىغاندىمۇ ئوخشاشلا بىئارام بولىمىز. بۇ بىزنىڭ ئۆز قىلمىشىمىز تۈپەيلى دۇنياغا ياكى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە تاپا-تەنە قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ، لېكىن بىز شۇ خىل تەپەككۇر ۋە قىلمىش ئەندىزىسىنى ئۆزىمىز تاللىغانلىقىمىزنى زىنھار ھېس قىلمايمىز.

«بەزى ئىشلار بىزنىڭ تىزگىنىمىزدە، لېكىن يەنە بەزى ئىشلار ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ تىزگىنىمىزدە بولغىنى كۆز قاراش، قىزىقىش، ئىستەك، بىزارلىقتۇر، بىرلا سۆزگە يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدۇر. بىزنىڭ تىزگىنىمىزدە بولمىغىنى بەدەن، مال-مۈلۈك، نام-شۆھرەت، نوپۇز قاتارلىقلاردۇر. بىرلا سۆزگە يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدىن تاشقىرى نەرسىلەردۇر.» ــ ئېپىكتېتۇس.

ئۇنداقتا، بۇنىڭ ھۆرمەتسىزلىككە تاقابىل تۇرۇشقا قانداق پايدىسى بار؟

شەيئىلەرنىڭ تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن يۇقىرىقىدەك ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىز تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىشلار بىلەن تىزگىنلىيەلمەيدىغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پاسىل ھاسىل قىلسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي «كارامەت» تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى ئىگىلەشكە باغلىق:

ئىچكى قورغىنىمىز: كاللىمىزنى بىر قورغان دەپ ئويلىساق بولىدۇ (پەيلىر خادوت ئۇنى «ئىچكى قورغىنىمىز» دەپ ئاتىغاندى). قورغان سېپىلىنىڭ ئىچىدە سىز ئوي-خىياللىرىڭىزنى، ھېسسىياتىڭىزنى ۋە ھەرىكىتىڭىزنى كونترول قىلالايسىز. بۇ سىزنىڭ تەسەررۇپىڭىزدىكى تېررىتورىيەدۇر. بىراۋ سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندا، سىزنىڭ تۇنجى ئىنكاسىڭىز بەلكىم ئەلەمگە قارشى ئۆچ ئېلىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تەمكىنلىك تاكتىكىسى نەق مۇشۇ يەردە مەيدانغا چىقىپ، سىزنى بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ سېپىلنىڭ ئىچىدىكى ئىنكاسىڭىزنى ئۆزىڭىز تاللىغانلىقىڭىزنى تونۇپ يېتىشكە ئۈندەيدۇ. سىز يا ئازارلىق سۆزلەرنىڭ مۇداپىئە سېپىلىڭىزنى بۇزۇپ تاشلىشىغا يول قويۇشنى ياكى تېخىمۇ كۈچلۈك ئېلاستىكلىققا ئىگە، ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرۇشنى قارار قىلىسىز.

تاشقى دۇنيا: ئەمدى، قورغىنىڭىزنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ چوڭ، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ۋە باشقا سانسىزلىغان قورغانلار (ئۆزىگە خاس ئوي-خىياللىرى ۋە ھېسسىياتى بار كىشىلەر) بىلەن تولغان دۇنيادۇر. بۇ يەردە سان-ساناقسىز پىكىر، ھەرىكەت ۋە سۆزلەر

كىشىلەر ئارىسىدا شامال كەبى ئۆتۈشۈپ يۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆزئارا تەسىرلىشىشنىڭ ئارىسىدا ھۆرمەتسىزلىكمۇ بار. ئەمما ــ بۇ ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ھالقىلىق نۇقتىدۇر ــ بۇ شامالالار ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بەربىر سىپىلىڭىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. بۇلار تاشقى ۋەقەلەردۇر. گەرچە ئۇلار قورغىنىڭىزنىڭ دەرۋازىسىنى غىچىلداتسىمۇ ياكى سىپىلغا سوقۇلسىمۇ، ئەمما سىز شۇ شامالنىڭ قورغان ئىچىگە كىرىشىگە يول قويمىسىڭىزلا، ئۇ سىزنىڭ ئويـ پىكىر ۋە ھەرىكىتىڭىزگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

## ئۇنداقتا، بۇنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

بىز ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ماھىيىتىنى «تىزگىنلەش» نۇقتىسىدىن چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇنى (يەنى ھۆرمەتسىزلىكنى) شەخسىيىتىمىزگە قارىتىلغان ھۇجۇم ئەمەس، تاشقى ھادىسە ياكى باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلساق بولىدىغان پىكرىنى ئىپادىلىشى دەپ قارىيالايمىز.

ئاندىن بىز دىققىتىمىزنى قارشى تەرەپنىڭ قىلمىشىغا ئەمەس، بەلكى قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىمىزغا مەركەزلەشتۈرەلەيمىز. شۇنداق قىلغاندا، ھاياجان بىلەن ئىش قىلىپ پۇشايمانغا قالماستىن، بەلكى قانداق ئىلگىرىلەيدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولىمىز.

## پەزىلەت

سىزنىڭ قىلالايدىغىنىڭىز پەقەت ئۆزىڭىز ياخشى دەپ قارىغان تەرزدە ھەرىكەت قىلىشتۇر.

ھاقارەت ماھىيەتتە بىراۋنىڭ كۆز قارىشىدۇر. يەنى (ھاقارەتلەندىم دەپ قارىغان) ئاشۇ كىشىنىڭ ئېتىقادى، خاھىشى ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆز قاراشتۇر.

تەمكىنلىك پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ كاتتا مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان ئېپىكتېتۇس بەلكىم «ھاقارەت خۇددى بىراۋنىڭ ئاسمان (كۆك ئەمەس) يېشىل دېگىنىگە ئوخشايدۇ» دېيىشى مۇمكىن. شۇنداق، بۇ بىر خىل كۆز قاراش، ئەمما ئۇ ھەمىشە رېئاللىقنىڭ توغرا ئەكس ئېتىشى ئەمەس.

## تەمكىنلىك ئېقىمىدىكىلەر تەرغىب قىلىدىغان تۆت پەزىلەت

پاراسەت: بۇ بىزنىڭ توغرا ھۆكۈمدىن پايدىلىنىش ھەمدە ياخشىـ يامانىنى ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزدۇر. ئۇ بىلىم ئېلىش، ئاقىلانە قارار چىقىرىش ۋە دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش: بۇ بىزنىڭ سالماقلىق بىلەن ئىش قىلىش ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى تەرتىپكە سېلىش ئىقتىدارىمىزدۇر. ئۇ ئارزۇ ۋە ھاياجانلارنى كونترول قىلىش، ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىش ۋە ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

جاسارەت: بۇ بىزنىڭ ھەققانىيەتنى ياقلاش، خىرىسلارغا دادىل يۈزلىنىش ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش جەھەتتىكى جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جاسارىتىمىزدۇر. ئۇ تاشقى قىيىنچىلىق ۋە ئىچكى قورقۇنچ ياكى تەشۋىشلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئالاقىداردۇر.

ئادالەت: بۇ بىزنىڭ ئادىل ۋە سەمىمىي بولۇش ئىقتىدارىمىز، شۇنداقلا جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ئۇ دۇرۇسلۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى، ھەركىمگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىشنى ۋە ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلەيدۇ.

بىز بۈگۈنكى مۇلاھىزىمىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، پاراسەت توغرىسىدا توختىلىمىز.

پاراسەتنىڭ ئۇللۇق قىسىملىرىدىن بىرى بىزنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمىزنىڭ، ھۆكۈملىرىمىزنىڭ، سىڭىپ قالغان قاراشلىرىمىزنىڭ ۋە كۆپىنچە ھاللاردا كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلىۋېتىدىغان ئىستېكىمىزنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارىمىزدۇر.

بىز دۇنيانى قانچە ئوبيېكتىپ كۆرەلىسەك، شۇنچە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايمىز، چۈنكى (بۇ چاغدا) بىزنىڭ قارارلىرىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىز تېخىمۇ توغرا ئۇچۇرلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ بىزنىڭ ھۆرمەتسىزلىككە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا قانداق ياردەم بېرىدۇ؟

باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى:

بىز دۇنياغا تېخىمۇ ئوبيېكتىپ قاراشنى ئۆگەنگەندە، باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز.

باشقىچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرى ھەمىشە توغرا بولۇۋەرمەيدۇ.

بۇنى چۈشەنگىنىمىزدە، بىز بۇ پىكىرنى كېڭەيتىپ، باشقىلارنىڭ بىزگە ئېيتقانلىرى ۋە بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئېيتقانلىرىغىمۇ تەدبىقلىيالايمىز.

ئەگەر بىز ھاقارەتكە ئۇچرىساق، شۇ ھاقارەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي (ۋە بىز ئويلىنىشىمىز كېرەك بولغان نەرسە) ئىكەنلىكىگە ياكى يالغان ھەممە پەقەت بىزنى ھاقارەتلىگەن كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز (يەنى ئۆزىمىزنىڭ شۇ ھاقارەتكە لايىق ياكى ئەمەسلىكىمىزگە ئوبيېكتىپ باھا بېرەلەيمىز، ت).

مەزكۇر سۆزگۈچ بىزنى غەزەپلىنىشتىن قوغدايدۇ ۋە ھېسسىي ئىنكاسىمىزنىڭ قىلمىشىمىزنى كونترول قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ (يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇنداق چاغدىكى قىلمىشلار كېيىن بىزنى پۇشايمانغا قويىدۇ).

شۇڭا باشقىلارنىڭ قىلمىشى سىزنى ئۆز قىممەت قاراشلىرىڭىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتمىسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئەتراپىدىكى دۇنياغا ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

بىز ھەتتا بۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىۋالالايمىز

ئەگەر بىرەيلەن ھاقارەت ياكى باھا ئارقىلىق بىزنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىمىزنى ياكى ھەرىكىتىمىزنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىسە، ئۆزىمىز ھەقىقەدە ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز، ئەگەر بۇ ئىش (يەنى باشقىلارنىڭ ھاقارىتى ياكى باھاسى) بولمىغان بولسا، بىز بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق.

ئېپىكتېتۇس مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىراۋ سىزگە مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلغانلىقىنى ئېيتسا، ئۆزىڭىز ھەققىدە ئېيتىلغانلار توغرىسىدا باھانە كۆرسەتمەستىن مۇنداق دەڭ: <ئۇ مېنىڭ باشقا ئەيىبلىرىمنى بىلمەي قاپتۇ، بولمىسا مۇشۇ ئەيىبىمنىلا ئېيتىش بىلەن بولدى قىلمايتتى>»

پاسىل:

لېكىن، گاھىدا كىشىلەر بىزنىڭ پاسىللىرىمىزدىن (يەنى «قىزىل سىزىق»لىرىمىزدىن) ئۆتۈپ كەتكەندە، بىز بۇنىڭغا لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

ساغلام پاسىل بەلگىلەش ۋە ئۇنى قوغداش بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش تۇيغۇمىز ۋە تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى ساقلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

پاسىللار باشقىلارنىڭ بىزدىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش تۇيغۇمىزنى قوغدايدۇ، ھەمىشە توغرا، ئادىل ياكى ھەققانىي دەپ قارىغان نۇقتىلىرىمىزدا مۇرەسسە قىلماستىن، قىممەت قاراشلىرىمىزنى قوغدىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر بىزنىڭ پاسسىپلىرىمىزنى ساقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان بىر قانچە چارىدۇر:

ئىزچىل بولۇڭ: پاسىل بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىزچىل ھىمايە قىلىڭ. ئىزچىللىق باشقىلارغا سىزنىڭ ئاشۇ پاسىلغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىز ھەققىدە سىگنال بېرىدۇ.

«ياق» دېيىشكە ئادەتلىنىڭ: بىز ئۆز پاسسىپلىرىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن تەلەپ ياكى ئەھۋاللارغا «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، «ياق» دېيىش ئۆز ئالدىغا تولۇق بىر جۈملە بولۇپ، ئۇنى ھەمىشە چۈشەندۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

قايتا باھالاش ۋە تەڭشەش: بىز پىشىپ يېتىلگەنسېرى پاسسىپلىرىمىزنى تەڭشەشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنى قەرەللىك باھالاپ، نۆۋەتتىكى ئېھتىياجىڭىز ۋە قىممەت قاراشلىرىڭىزغا ماس كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭ.

زىيادە يوللۇقلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىڭ: گەرچە چۈشەندۈرۈش بېرىش توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۆز پاسسىپلىرىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە يوللۇقلاشتۇرۇشتىن ياكى چۈشەندۈرۈشتىن ساقلىنىڭ. شۇ پاسىللار سەۋەبلىك ئۆزىڭىز راھەتلىنىسىڭىز ۋە خۇشال بولسىڭىزلا كۇپايە.

قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ: بەزى ئەھۋاللاردا، كىشىلەر سىز بەلگىلىگەن پاسىللارغا قارشىلىق كۆرسىتىشى ياكى پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار پاسىلسىزلىقتىن نەپ ئېلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. قەتئىي ۋە ئىزچىل بولۇڭ، مەيدانىڭىزنى تەكرار تەكىتلەڭ، ئەگەر ئۇلار پاسىللىرىڭىزغا داۋاملىق ھۆرمەتسىزلىك قىلسا، ئۇلاردىن يىراقلىشىڭ.

ماركۇس ئاۋرېلىيۇس (Marcus Aurelius) مۇنداق دېگەن: «مەن دائىم شۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالىمەن، ھەممە ئادەم ئۆزىنى باشقىلارنى ياخشى كۆرگەندىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۆز كۆز قاراشلىرىغا باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئېتىبار بەرگەنچىلىك ئېتىبار بەرمەيدۇ؟»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://orionphilosophy.com/how-to-handle-disrespect-like-a-stoic/



# بوئىن شىركىتى پايچىكلار يىغىنىدا ئۇيغۇرلار نېمىشقا مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى؟

سىمانتىك دوۋېرا

# ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى نېمە ئۈچۈن بوئىن شىركىتىنىڭ يىللىق پايچىكلار يىغىنىنىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى؟

سىمانتىك دوۋېرا

يېقىندا، بوئىن شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى پايچىكلارنىڭ مەزكۇر شىركەتنىڭ سودا پائالىيىتى ۋە خىتايدىكى خىراجىتىنى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شىركەتنىڭ ئۆزى جاكارلىغان مۇھىت، جەمئىيەت ۋە شىركەت باشقۇرۇش (ESG) ۋەدىسىگە رىئايە قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىدىغان تەكلىپكە قارشى بېلەت تاشلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

بوئىنىڭ يىللىق پايچىكلار يىغىنى بۇگۈن (يەنى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، پايچىكلارنىڭ بوئىنىڭ خىتايدىكى تىجارىتىگە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپلىرى يىغىن كۈنتەرتىپىدىكى تۆتىنچى ماددا قاتارىغا تىزىلدى.

بۇ تەكلىپنى «دۆلەتلىك قانۇن ۋە سىياسەت مەركىزى» (NLPC) ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بوئىن شىركىتىنىڭ ئورتاق پېيى ئارىسىدا 38 پايغا ئىگە بۇ مەركەز ئوچۇق-ئاشكارىلىق ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، شىركەت مۇدىرىيىتىدىن كېلەر يىلى خىتايدىكى تىجارىتىگە قارىتا تەكشۈرۈشنى ئۈچىنچى تەرەپكە ھاۋالە قىلىشنى ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## پايچىكلارنىڭ تەكلىپىنىڭ مەزمۇنى

تەكلىپتە بىر قانچە مەسىلە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بوئىن شىركىتى پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش ۋە 2030-يىلىغا بارغاندا تامامەن (سۇ ئېلېكتىر

ئېنېرگىيەسگە ئوخشاش) قايتا ھاسىل بولىدىغان مەنبەلەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان توك ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى. مەزكۇر شىركەت يەنە پۈتكۈل تىجارىتىدە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ۋەھالەنكى، تەكلىپتە خىتاينىڭ غايەت زور پارنىك گازى قويۇپ بېرىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنىڭ ناچارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بوئىن شىركىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ مۇھىت، جەمئىيەت ۋە شىركەت باشقۇرۇش ۋەدىسىگە زىت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«بوئىن شىركىتى ئۆزىنىڭ مۇھىت، جەمئىيەت ۋە شىركەت باشقۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە جار سالىدۇ. مەسىلەن، 2030-يىلىغا بارغاندا تىجارەت مەنبەلىك پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى 2017-يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 55 پىرسەنت تۆۋەنلىتىش؛ شۇنداقلا 2050-يىلىغا بارغاندا سودا ئاۋىياتسىيە ساھەسىدە پارنىك گازلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى «ساپ نۆل»گە (Net zero) چۈشۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، 2030-يىلىغا بارغاندا تامامەن قايتا ھاسىل بولىدىغان مەنبەلەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان توك ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋەھاكازالار. بۇ شىركەت يەنە «بوئىن شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى ئاساسىي خىزمەت شارائىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق»تا كۆرسىتىلگەندەك، پۈتكۈل مەشغۇلات جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، شىركەتنىڭ مۇستەبىت ۋە ئىنسانىيلىقتىن نېسىۋىسىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى دۆلەت بولغان خىتاي بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ مۇھىت ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەدىسىگە زىت.»

بۇنىڭدىن باشقا، تەكلىپتە يەنە بوئىن شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان باشقا شىركەتلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يېتەرسىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«دۆلەتلىك قانۇن ۋە سىياسەت مەركىزى»نىڭ ئۇشبۇ تەكلىپىدە مۇنداق دېيىلگەن: «... خىتايدا چوڭ كۆلەملىك تىجارىتى بار باشقا نۇرغۇن شىركەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بوئىن شىركىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تەدبىرلىرى ئاجىز. ئادەم ئەتكەسچىلىكى ياكى قۇللۇققا ئالاقىدار يوشۇرۇن خەۋپ ئۈچىنچى تەرەپ تەرىپىدىن ئەمەس، شىركەتنىڭ ئۆز ئىچىدە باھالىنىدۇ.»

شۇڭلاشقا، ئۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىلمىشلىرىنىڭ قائىدىلەرگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن مۇستەقىل ئۈچىنچى تەرەپنىڭ تەپتىش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «دۆلەتلىك قانۇن ۋە سىياسەت مەركىزى»نىڭ قارىشىچە، بىر قانچىلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

«خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىلىرى تولىمۇ يىرگىنچلىك، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرنى دەپسەندە قىلىش، جۈملىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىسى، مەجبۇرىي تۇغماسلىق ۋە قىيناش قاتارلىق جىنايەتلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. خىتاي دائىرىلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان كەمسىتىش خاراكتېرلىك كۆزىتىش ۋە مىللىي-ئىرقىي جەھەتتىن ئىلغاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدى. خىتاي بىلەن سودا قىلىش بوئىن شىركىتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ ھەممىسىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈش تەدبىرلىرىگە زىت.»

## بوئىن شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ تۇتۇمى

مۇدىرىيەت بۇ تەكلىپكە قارشى بېلەت تاشلاشنى بىردەك تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تەكلىپنىڭ زۆرۈرىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ۋە پايچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىلاۋە قىلدى.

مۇدىرىيەت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بوئىن شىركىتى ئۆزىنىڭ خىتايدىكى تىجارىتى ۋە «مۇھىت، جەمئىيەت ۋە شىركەت باشقۇرۇش» ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. بوئىن شىركىتىنىڭ 2023-يىللىق K-10 دوكلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشكارا ئۇچۇرلىرى ئۇنىڭ خىتايدىكى تىجارىتى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بوئىن شىركىتى يىللىق سىجىل تەرەققىيات دوكلاتى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ۋە باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

«خىتاي سودا ئايروپىلانلىرىنىڭ مۇھىم بازىرى ۋە سودا ئايروپىلانى زاكاسلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. بىز يەنە جۇغراپىيەۋى سىياسىي بېسىمنىڭ خىتايدىكى خېرىدارلار بىلەن بولغان سودىمىزغا ۋە تەمىنلەش زەنجىرىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئىشىنىمىزكى، كونكرېت دۆلەتلەر ياكى خېرىدارلار توپىنىڭ قايتا قاراپ چىقىلىشى پايچىكلارنى قايمۇقتۇرىدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ خېرىدارلار، تەمىنلىگۈچىلەر ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە زىيان يەتكۈزىدۇ» دېدى بوئىن شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى بۇنىڭغا جاۋابەن.

بوئىن شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتى يەنە شىركەتنىڭ كۆچلۈك خەۋپ تىزگىنلەش ئىستراتېگىيەسى بارلىقىنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەۋى سىياسىي ۋەقەلەر، خېرىدارلار ۋە تەمىنلىگۈچىلەر مۇناسىۋىتى ھەمدە «مۇھىت، جەمئىيەت ۋە شىركەت باشقۇرۇش» ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەتەرلەرنى قەرەللىك باھالايدىغانلىقىنى؛ كۆندىلىك خەتەرنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق مۇۋاپىق سىياسەت ۋە خەۋپنى ئازايتىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇدىرىيەت بوئىن شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى ئەخلاقىي قىلمىش ۋە سىجىللىق توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى تەكىتلىدى. مۇدىرىيەتنىڭ دەۋاسىچە، شىركەتنىڭ تەمىنلىگۈچىلەرگە قارىتىلغان ھەرىكەت مىزانىدا تەلەپ قىلىنغان قىلمىشلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر مىزان قانۇنىي، ئەخلاقتا ئۇيغۇن ۋە ئادىل سودا ئەمەلىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. شىركەت ھەر قانداق شەكىلدىكى قۇللۇق، ئادەم ئەتكەسچىلىكى، مەجبۇرىي ئەمگەك ياكى باللار ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆچەيدۇ ھەمدە تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ ئۆلچەملەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

## پايدىسىز تەكلىپ

پۈتۈن مۇدىرىيەت تەڭ قارشى تۇرغانلىقتىن، بۇ تەكلىپنىڭ تەستىقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. بوئىن شىركىتى مۇدىرىيىتى ھازىرقى ئۇچۇر ئاشكارىلاش، خەۋپ باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇش پىلانىغا تايانغان ئاساستا، تەشەببۇس قىلىنغان ئۈچىنچى تەرەپ تەكشۈرۈشىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنى قايمۇقتۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى ھەمدە شۇ سەۋەبلىك مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.firstpost.com/world/why-chinas-uyghurs-and-human-rights-concerns-in-xinjiang-figure-in-boeings-annual-shareholders-meeting-13771696.html



# مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يەتتە چارىسى

# ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يەتتە چارىسى

بىزنىڭ ئۈنى ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى، ئامموۋى مۇناسىۋەت قاباھەتى ياكى ئامموۋى مۇناسىۋەت ئاپىتى دەپ ئاتىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر ماركا ئۈچۈن تولىمۇ يېقىمسىز ۋە قارشى ئېلىنمايدىغان ئىشتۇر.

ئىجتىمائىي تاراتقۇ دەۋرىدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدى. بىر تۋىتېر يازمىسى بىردەمدىلا غايەت زور تەنقىد دولقۇنى قوزغىيالىشى مۇمكىن. ئېلون ماسكنىڭ تىۋىتېر يازمىلىرى بازارغا تەسىر كۆرسىتىپ، شىركەتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەندەك، تېسلا شىركىتىگە مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ قانچىلىك جىلە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

ھەر قانداق شىركەتتە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن. پېپسى، سامسۇڭ، گۇگۇل، KFC، ستارباكىس، Uber قاتارلىق ماركىلار مۇشۇنداق كرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ تىزىملىك ئۈزلۈكسىز ئۇزارماقتا.

بۇنىڭغا قارىتا، سىز مۇشۇنداق بىر كرىزىسنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى ئۆز بېشىڭىزغا كېلىشىنى كۈتسىڭىز ياكى ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن كېرەكلىك قورال ۋە بىلىملەر بىلەن ئۆزىڭىزنى قوراللاندۇرسىڭىز بولىدۇ. مەزكۇر ماقالە بۇ جەھەتتە سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

## ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى كونترولى دېگەن نېمە؟

ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى كونترولى شىركەتنىڭ تىجارىتىگە ياكى ئىناۋىتىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنىڭ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش تەرتىپلەردۇر.

ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىڭىزنى قانداق بىلىسىز؟ بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭىز كېرەك؟

تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ بىرىگە «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، بۇ تەدبىر قوللىنىدىغان پەيت كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1 ـ سوئال: بۇ (يەنى يۇز بەرگەن ئىش) سىزنىڭ ماركا ئوبرازىڭىزغا زىيان يەتكۈزەمدۇ؟

2 ـ سوئال: خىزمەتچىلىرىڭىز ياكى خېرىدارلىرىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقى ھەرقانداق تەھدىتكە دۇچ كەلدىمۇ؟

3 ـ سوئال: ئۇ (شىركەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا) ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولامدۇ؟

ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە، بۇلار خىزمەتچىلەرگە، خېرىدارلارغا ياكى سودىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كەڭ كۆلەمدە مۇلازىمەت ئۈزۈكچىلىكى ياكى ئۈلىنىش مەسىلىسى

سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تور ھۇجۇمى

خىزمەتچىلەرنىڭ يارىلىنىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشى

شىركەتنىڭ ھەرىكەتلىرى، مەھسۇلاتلىرى ياكى مۇلازىمىتى سەۋەبىدىن خېرىدارلار دۇچ كەلگەن زىيان

يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىرقچىلىق، خورلاش ياكى باشقا شەكىلدىكى ناتوغرا قىلمىشلار بىلەن ئەيىبلىنىشى

بىر تەشكىلات ياكى ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە قارىتا تۆلەپ تەلەپ قىلىنىشى ياكى ئەرز سۇنۇلۇشى

مەسىلەن، ماك دونالد، ئامازون، دىسنىي ۋە فېيسبۇك قاتارلىق گىگانت شىركەتلەر كەمسىتىش جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلىندى. سودا جەريانىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ۋە ماركا ئىناۋىتىگە زىيان سالىدىغان باشقا نۇرغۇن ۋەقەلەر بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق جىددىي ئەھۋاللارغا تولۇق تەييارلىقىم بار دېيەلەيدىغان كارخانىچىلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ 95 پىرسەنتى ئۆزلىرىنىڭ كرىزىسنى تىزگىنلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەڭ ناچار ئىش يۈز بەرگۈچە ساقلىماڭ. ئېھتىيات قىلىڭ، ئالدىن پىلانلاڭ ۋە كۆرۈلگۈسى ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ.

ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىغا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟

تۆۋەندىكىلەر سىز دەسلەپتە قىلالايدىغان بىر قىسىم ئاساسلىق ئىشلاردۇر:

## كرىزىسنى كونترول قىلىش ئەترىتى قۇرۇش

كرىزىسقا تاقابىل تۇرىدىغان قابىل ئەترەت قۇرۇپ، مەشقاۋۇل باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىغا كۆڭۈل بۆلۈش. بۇنى قىلىش ئۈچۈن، ئەترەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە كرىزىسىنى ياكى باشقا ئېچىنىشلىق ئامموۋى مۇناسىۋەت مەغلۇبىيىتىنى بەك كېچىكمەستىن بايقاش جەھەتتە مەشقلەندۈرۈش.

## باياناتچى تاللاش

ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى ئالاقىسىغا تەييارلىق قىلغاندا، ماركىڭىزغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىدىغان باياناتچى تەيىنلەش ئاقىلانىلىكتۇر. ئۇ ياخشى ئالاقىچى ۋە ئىشەنچلىك ئۈچۈر يەتكۈزگۈچى بولۇشى كېرەك.

## ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش ۋە مەشىق قىلىش

ئامموۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، دەسلەپكى ھەرىكەت پىلانىغا ئېھتىياجلىق بولۇشىڭىز مۇمكىن. تەخمىنەن 62 پىرسەنت شىركەتتە بۇنداق كرىزىس پىلانى بار، ئەمما 40 پىرسەنت شىركەت ئەزەلدىن كرىزىس مانېۋىرى قىلىپ باقمىغان.

قەدەم-باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن «كىم، قاچان، نېمە قىلدى؟» مەشىقىنى سىناپ بېقىڭ.

## ئىنكاسىڭىزنى ئالدىن تەييارلاپ، ئالاقە يولىنى تاللاش

41 پىرسەنت كارخانا كرىزىسنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدە ئالاقە كېلىشىمنامىسىنى قوللانغانلىقى بىلەن ماختىنىدۇ. ئەللىك پىرسەنتتىن ئاز شىركەتنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى كۆرۈلگەندە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىدىغان ئۇچۇرى ئالدىن تەييارلانغان.

كرىزىس ئالاقىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىستراتېگىيەسى تۈزۈشنى ئويلىشىڭ. شۇنداقلا، بىلوگ، گېزىت، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى قاتارلىق قانالالارنىمۇ ئۇنتۇماڭ.

توردىكى ئىناۋىتىڭىزنى قەرەللىك ھالدا ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ

ئۈزلۈكسىز ئىناۋەت كۆزىتىش ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىدىكى زۆرۈر ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەمما سىز ئاللىبۇرۇن ئاممىۋى مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە يولۇققان بولسىڭىزچۇ؟

ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى تىزگىنلەشنىڭ يەتتە قەدەملىك قوللانمىسى

تۆۋەندىكىلەر ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشتىكى يەتتە قەدەمدۇر:

1 ـ قەدەم: ئۇچۇر توپلاڭ ۋە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇڭ

بوسكو قانۇن مۇلازىمىتى مەركىزىنىڭ ئاممىۋى ئىشلار دىرېكتورى ئامىي دې لا فۇئېنت (Amy De La Fuente) مۇنداق دېدى: «ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى يۈز بەرگەندە، ئالدى بىلەن بارلىق ئۇچۇرلارنى توپلاپ، پاكىتنى تەكشۈرۈپ، تەھدىتنى باھالىشىڭىز ۋە دەسلەپكى سەۋەبىنى ئېنىقلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ بىر ئىجتىمائىي تاراتقۇ كرىزىسى بولسا، سىز ئىجتىمائىي تاراتقۇنى، جۈملىدىن يازمىلارنى، ئىنكاسلارنى، بىلوگلارنى تەكشۈرۈپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىسپاتلىرىنى تاپالايسىز.»

ئامىي دې لا فۇئېنت تۆۋەندىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

نېمە (مەسىلە ياكى ئەھۋال)

كىم (مەسئۇل كىشى ياكى ئادەم)

قاچان (زامان)

قەيەردە (ماكان)

نېمشقا (تۆپ سەۋەب)

سىز يەنە بارلىق ئىجتىمائىي سۇپىلاردىكى كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ئىنكاسىنىمۇ كۆزىتىشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچى قەدەم: سەمىمىي بولۇڭ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ

«بۇلۇت چوققىسى» قانۇنچىلىق گۇرۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى مارك پىيېرس (Mark Pierce) مۇنداق دېدى: «سەمىمىيەت ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. سىز ئالاقىدار تەرەپلەرنى، گۇرۇپپا ئەزالىرىڭىزنى ۋە خېرىدارلارنى كرىزىستىن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى پىلانلىغانلىقىڭىزدىن ۋاقىپلاندۇرۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسى جەريانىدا تالاش-تارتىشلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقسا، سىز بىر قىسىم قانۇنىي مەسلىھەتلەرگە موھتاج بولۇشىڭىز مۇمكىن. كارخانىلار ئادەتتە قانۇنىي جاۋاب قايتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئادۋوكاتلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. كىمنىڭ زىيانغا، كىمنىڭ تۆلەمگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم.»

ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى تىزگىنلەشنىڭ ناچار ئۆرنىكى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

2016-يىلى، دېلتا ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى دەسلەپتە جورجىيا شىتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى يۈزلىگەن ئۇچۇشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ۋە كېچىكىشىنى چۈشەندۈرگەندە «توك توختاپ قېلىش»نى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. لېكىن، كېيىن جورجىيا توك شىركىتى بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، مەسىلىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ دېلتا شىركىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىدە كۆرۈلگەن كاشىلا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

دېلتانىڭ دەسلەپكى يالغان باھانىسى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى زىيانلىدى. گەرچە بۇ شىركەت كېيىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاللىقاچان كېچىككەنىدى.

ئۈچىنچى قەدەم: مۇۋاپىق كرىزىس باياناتى يېزىش

گېمبا لايىھەچىلىكى شىركىتىنىڭ مۇدىرى زاك لېئونارد (Zach Leonard) مۇنداق دېدى: «سىز مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان، شىركىتىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ماركىڭىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ياخشى كرىزىس باياناتىنى يېزىشىڭىز كېرەك. ئەگەر باياناتا كەچۈرۈمنامە خاراكتېرىدە بولسا، چوقۇم سەممىمىي بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، شىركەتلەرنىڭ مەسئۇلات يېتىشتۈرەلمەسلىك سەۋەبلىك خېرىدارلاردىن كەچۈرۈم سورىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ئىشتۇر.»

2010-يىلى، جونسون ۋە جونسون شىركىتىنىڭ (Johnson & Johnson) ئادەت قەغىزى تەقسىمات مەسىلىسى سەۋەبىدىن دۇكانلاردىن غايىب بولدى-دە، بۇ شىركەت سادىق ئابونتلار بازىسىدىكى 65010 نەپەر ئايالنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن خاسلاشتۇرۇلغان كەچۈرۈمنامە يېزىپ چىقتى.

## 4-قەدەم: ئىمكانقەدەر تېز ئىنكاس قايتۇرۇڭ

EcomHalo شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جوناسان ئېلستېر (Jonathan Elster) مۇنداق دېدى: «ئاممىۋى مۇناسىۋەتتىكى ھەر قانداق جىددىي ئەھۋالغا تېزدىن تاقابىل تۇرۇش كېرەك. مىش-مىش پاراڭلارنىڭ يېيىلىپ، ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈش تىرىشچانلىقىڭىزنى سۇغا چىلاشتۇرۇشىدىن ساقلىنىڭ. شىركەت خوجايىنى ياكى كرىزىس دىرېكتورى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ئىنكاسىڭىزنىڭ كۆرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىڭ.».

مەسىلەن، غەربىي جەنۇب ئاۋىياتسىيە شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بوئىن 737 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ لاگاردىيا ئايرودرومىغا تۇمشۇقى بىلەن قونغانلىقى توغرىسىدىكى مىش-مىش پاراڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئىش يۈز بېرىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، شىركەت ئۆزىنىڭ تىۋىتېر ۋە فېيسبۇك ھېساباتىدا بۇ ھادىسە توغرىسىدىكى خەۋەرنى تارقاتقان.

## 5-قەدەم: ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ.

ئامېرىكا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى كرىزىسكە ئايلىنىشقا ئاز قالغان ئەھۋالنى قانداق تۈزەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇلارنىڭ بىر خىزمەتچىسى خاتا ھېساباتتىن تىۋىتېر يازمىسى يوللاپ، تۆت بوتۇلكا پىۋا بىلەن بىللە gettngslizzerd# ھەققىدە شەخسىي تىۋىتېر يازمىسى ھەمبەھىرلىگەن. بۇ شىركەتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان ھەشتەگ (hashtag) مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئامېرىكا قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەخمىنەن بىرەر سائەتتە بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، يۇمۇرلۇق كەچۈرۈم سورىدى، بۇ تىۋىتېر يازمىسىنى ئۆچۈردى ھەمدە ئۆز خىزمەتچىلىرىنىڭ مەست ئەمەسلىكى ھەققىدە كاپالەت بەردى.

نەتىجىدە بۇ يېقىملىق ھېكايە بولۇپ قالدى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ قان تەقدىم قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

ۋەھالەنكى، سىز ھەر بىر خەتەرلىك ئەھۋالدا بۇنداق ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلالمايسىز. ئاممىۋى مۇناسىۋەت PrizeRebel شىركىتىنىڭ باش سېتىش ئەمەلدارى جېرىي خەن (Jerry Han) شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى: «بەزى ئەھۋاللاردا، سىز ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، تۈزىتىش ۋە كەچۈرۈم سوراشلا كۇپايە قىلماسلىقى مۇمكىن. سىز خاتالىقنى تۈزىتىشتىن سىرت، مۇۋاپىق بولغاندا يەنە تۆلەم تۆلىشىڭىز كېرەك، ئۇ زەخىملىنىش/بۇزۇلۇش، مۇلازىمەتنى كېچىكتۈرۈش ياكى مەھسۇلاتتىكى كەمتۈكلۈك ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇل بولۇشى مۇمكىن.»

جونسون ۋە جونسون شىركىتىنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى يەنە بىر مىسالنى ئالايلى.

1982-يىلى بۇ شىركەت ئۈچۈن ئاپەت خاراكتېرلىك بىر يىل بولغانىدى. تايلېنول دورىسىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ۋەقەسى يەتتە خېرىدارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. گەرچە جونسون ۋە جونسون شىركىتى ئۆز دورىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش مەسىلىسىگە جاۋابكار بولمىسىمۇ، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئىقتىسادىي ياردەم ۋە مەسلىھەت بەردى. بۇ كرىزىستىن كېيىن، جونسون ۋە جونسون شىركىتى قايتىدىن ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ۋە تايلېنولنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاممىۋى مۇناسىۋەت خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

6-قەدەم: باھا ۋە ئىنكاسلارنى بىر تەرەپ قىلىڭ

ھەر قانداق ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئاپىتىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش كەم بولىسا بولمايدۇ. ئەگەر كرىزىس ئىجتىمائىي تاراتقۇدا يۈز بەرگەن بولسا، تېخىمۇ شۇنداق.

Jolly SEO شىركىتىنىڭ سېتىش دىرېكتورى پرىيام چاۋلا (Priyam Chawla) ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى مۇنازىرىلەرنى يېقىندىن كۆزىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى:

«ھەشتەگلەرنى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى غۇلغۇلىلارنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ۋەزىيەتكە تۇتقان تۇتۇمىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىڭىزگە ۋە ئىزاھلىشىڭىزغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى ۋە ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سىز يەنە كرىزىس توغرىسىدىكى باھا ۋە ئەندىشىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ماركىڭىزنىڭ سەممىيىتى ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇقىنى نامايان قىلالايسىز» دەيدۇ ئۇ.

2018-يىلى، ستارباكسنىڭ فىلادېلفىيەدىكى دۇكىنىدا ئىككى نەپەر ئافرىقا ئەسلىلىك ئامېرىكالىق ئەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى دەرھال ئىرقىي كەمسىتىشكە قارىتا نامايىش قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى. ستارباكس مەزكۇر ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى تىزگىنلەشتە، ئىشنى چۈشەندۈرۈش ۋە كەچۈرۈم سوراشتىن باشلىدى.

ئاندىن، بۇ شىركەت سوئاللارغا جاۋاب بەردى ۋە شۇنىڭغا ئەگەشكەن باھالارغا جاۋاب بەردى.

7-قەدەم: ساۋاق ئېلىپ، ياخشىلىنىش پۇرسىتىنى بايقاش

ستارباكسنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى خالامسىز؟

بۇ شىركەت ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، خۇلاسىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە بىر مۇھىم قارار چىقاردى. ستارباكس 8000 دىن ئارتۇق دۇكىنىنى تاقاپ، خىزمەتچىلەرنى ئىرقىي كەمسىتىشتىن ساقلىنىش جەھەتتە تەربىيەلىدى.

سىز مەسىلىدىن ئىبرەت ئالغانلىقىڭىز ھەققىدە ئاممىۋى ئۇچۇر ئېلان قىلسىڭىز بولىدۇ. سىلەك شىركىتى 2022-يىلىدىكى چوڭ كۆلەملىك مۇلازىمەت ئۈزۈكچىلىكىدىن كېيىن شۇنداق قىلغانىدى.

Ken Savage شىركىتىنىڭ خوجايىنى كېن سەۋېيج بۇنى «تەھلىل باسقۇچى» ياكى «كرىزىستىن كېيىنكى باسقۇچ» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ مەزكۇر ئاخىرقى قەدەمنى باسقاندا، جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار مۇھىم تەھلىل سوئاللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ:

ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسىنى قانچىلىك ياخشى بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟

يېتەرلىك دەرىجىدە تېز ئىنكاس قايتۇردىڭىزمۇ؟

قايسى جەھەتلەردە تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولاتتى؟

كەلگۈسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كرىزىسنى تىزگىنلەش ئىستراتېگىيەڭىزنى قانداق ياخشىلىيالايسىز؟

ئەترىتىڭىزدىكىلەر قوشۇمچە ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسلىرىنى تىزگىنلەش مەشىقىگە ئېھتىياجلىقمۇ؟

## ئاممىۋى مۇناسىۋەت كرىزىسنى تىزگىنلەشتە قىلىشقا بولمايدىغان ئۈچ ئىش

1. ئالاقىلىشىشقا سەل قارىماڭ.

كرىزىسنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ھەپتە ئاخىرىدا پەيسىيىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى خېرىدارلىرىڭىز بىلەن كۆپلەپ ئالاقىلاشقىنىڭىز ئەلا.

ۋىرجىن گۇرۇھىنىڭ «ۋىرجىن سامانيولى» ناملىق ئالەم كېمىسى چۇشۇپ كېتىپ، سىناقتا قاتناشقان بىر ئۇچقۇچى قازا قىلىپ، يەنە بىرى يارىلانغاندا، شىركەت خوجايىنى رىچارد برانسون (Richard Branson) ئۈلگىلىك كرىزىس باشقۇرۇش ماھارىتىنى نامايەن قىلدى. ئۇ مەزكۇر ئالەم كېمىسى ئەترىتىدىكىلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن سەپەر قىلدى، بىلوگىدا ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە تەكشۈرۈشنىڭ ھەر باسقۇچلىرى توغرىسىدا تاراتقۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى.

«ۋىرجىن سامانيولى» ناملىق ئالەم كېمىسى ۋەقەسىگە قارىتىلغان مەخسۇس تېما تەتقىقاتىدا، ئالان درېيپېر (Alan Draper) رىچارد برانسون كرىزىس ئالاقىسى جەريانىدا باسقان ئۈچ مۇھىم قەدەمنى ئوتتۇرىغا قويدى:

ۋاقىتچانلىق

ئىگىدارچىلىق

ئىزچىللىق

سەمىمىي ۋە ئوچۇق-يورۇق ئالاقە سىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئاممىۋى مۇناسىۋەت مەغلۇبىيىتىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، تىزگىنلەشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

2. مەسىلىلەرنى يالغۇز ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماڭ، ياردەم سوراڭ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاممىۋى مۇناسىۋەت كەسپىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەمما بەزى ئەھۋاللاردا، بۇ خىرسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كەسپىي خادىملارمۇ يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن.

نېمشقا ماركا ئەلچىسى ياكى تەسىردار شەخسلەردىن ياردەم تەلەپ قىلمايسىز؟

Tide شارسىمان سوپۇن كىرىزىسى ئېسىڭىزدىمۇ؟

كىچىك بالىلارنىڭ Procter & Gamble شىركىتىنىڭ «Tide» ماركىلىق، قارىماققا كەمپۈتكە ئوخشاپ كېتىدىغان شارسىمان كىچىك سوپۇنلىرىنى يېيىشكە باشلىشى بۇ شىركەت ئۈچۈن قاباھەتلىك ئىش ئىدى. مەزكۇر شىركەت بۇنىڭغا چوقۇم ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئېنىقكى، نوقۇل ھالدا «يېيىشكە بولمايدۇ» دەپ قويۇش كارغا كەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ شىركەت بالىلار ئارىسىدا تەسىرى كۈچلۈك بىر شەخسنى تاپتى. ئۇلار روب گرونكوۋسكىي (Rob Gronkowski) بىلەن ھەمكارلىشىپ، «يېمەڭ» دېگەن ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلاننى ئىشلەپ چىقتى.

3. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ شىركىتىڭىزگە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويماڭ، ئالدىن سىياسەت تۈزۈڭ.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى بارلىق خاتالىقلارنىڭ قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ مىسالىدىكىگە ئوخشاش كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ.

ئەنە شۇ ۋەجىدىن، خىجالەت ياكى تەڭقىسلىق خەۋپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئىجتىمائىي تاراتقۇ سىياسىتى بېكىتىش پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل سىياسەت ئاددىي يازما ياكى ئىنكاسنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت كىرىزىسىگە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://keyhole.co/blog/pr_crisis_management/



خىتاي تەتقىقاتى

# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكادىكى فېنتانىل كرىزىسى ئوتقۇيرۇقلۇقى

مايكيل مارتينا

# خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكادىكى فېنتانىل كرىزىسىنى ئەۋجگە چىقىرىشقا بىۋاستە مەبلەغ سالماقتا

مايكېل مارتىنا

بۇ ماقالە «رويتېرس ئاگېنتلىقى»نىڭ توربېتىدە ئېلان قىلىنغان

14-ماي ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي مەخسۇس كومىتېتىنىڭ بايقىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللەردە سېتىلىدىغان فېنتانىل ئالدى گەۋدىسىنىڭ (fentanyl precursor) ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە تولۇقلىما بېرىپ، ئامېرىكادىكى ئەپيون تۈرىدىكى دورىلار كرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. ئىگىلىنىشىچە، مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى خىتاينىڭ ئەجەللىك خىمىيەلىك ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇددىئاسىنى پاش قىلغان.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي مەخسۇس كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: خىتاي داۋاملىق تۈردە فېنتانىلسىمان دورىلارنى، فېنتانىل ئالدى گەۋدىسىنى ۋە باشقا بىرىكمە مەست قىلغۇچى بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەرگە مەزكۇر مەھسۇلاتلارنى چەتئەلگە ساتقانلا تەقدىردە قوشۇلما قىممەت بېجى شەكلىدە تولۇقلىما بەرمەكتە.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «2019-يىلى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بارلىق فېنتانىلسىمان دورىلارنى كونترول قىلىنىدىغان ماددىلار قاتارىغا كىرگۈزدى، دېمەك خىتاي ھازىر ھەم ئامېرىكانىڭ، ھەم ئۆزىنىڭ قانۇنىدا قانۇنسىز ھېسابلىنىدىغان دورىلارنىڭ ئېكسپورتىغا تولۇقلىما بېرىۋاتىدۇ. بۇ ماددىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە قانۇنلۇق ھېسابلانمايدۇ.»

دوكلاتتا خىتاي دۆلەتلىك باج ئىدارىسى تورىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، بەزى خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ باجدا ئېتىبار قىلىنىش نىسبىتى 13 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىۋاتقان NPP ۋە ANPP دىن ئىبارەت ئىككى فېنتانىل ئالدى گەۋدىسىگە تولۇقلىما بەرمەكتە ئىكەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمەت تورىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ تولۇقلىما 4-ئايغىچە يەنىلا داۋاملاشقان.

خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندىكى باش ئەلچىخانىسى خىتاينىڭ ئامېرىكا دائىرىلىرى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇشتا سەممىي ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ھەمدە فېنتانىل ۋە ئۇنىڭ ئالدى گەۋدىسى بولغان خىمىيەلىك ماددىلارنى كونترول قىلىش ۋە قانۇنسىز ئەتكەسچىلىك، ياساش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەلچىخانا باياناتچىسى لىۇ پېڭيۇ (Liu Pengyu) ئېلخەتتە مۇنداق دېدى: «ئېنىقكى، خىتايدا فېنتانىل مەسىلىسى يوق. ئامېرىكادىكى فېنتانىل كرىزىسىنىمۇ خىتاي كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. نوقۇل ھالدا خىتاينى ئەيىبلەش ئامېرىكانىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ.»

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى بۇ توغرىلىق سوئالىمىزغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

ھەرئىككى پارتىيەدىكى پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان مەزكۇر مەخسۇس كومىتېتنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان رەئىسى مايك گالاگېر (Mike Gallagher) 14-مايدىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ بۇ خىل رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ فېنتانىلنىڭ ئامېرىكاغا كىرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي (فېنتانىل مەنبەلىك) بۇ ۋابانىڭ قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

فېنتانىل ئامېرىكادىكى زەھەرلىك چېكىملىكنى كۆپ ئىستېمال قىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «مېكسىكادىكى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى بىرىكتۈرگەن فېنتانىل ئالدى گەۋدىسى بولغان خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى خىتايدۇر» دەپ ئەيىبلىگەنىدى. مېكسىكا ھۆكۈمىتىمۇ خىتايدىن فېنتانىلنىڭ توشۇلۇشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى.

خىتاي بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجىنى ئازايتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بۇلتۇر نويابىردا فېنتانىلنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئېكسپورتىنى چەكلەش خۇسۇسىدا كېلىشىم ئىمزالاشقان؛ بۇ يىل 1-ئايدا، خىتاي بىلەن ئامېرىكا زەھەرگە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرغانىدى.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى دەسلەپكى سۆھبەتنى ماھىيەتلىك دەپ تەرىپلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توسۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەدبىر قوللىنىش زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

مەزكۇر كومىتېت يەنە ئۆز دوكلاتىدا خىتاينىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىجرائاتى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت بايقىمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئامېرىكا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى رېي دونوۋان (Ray Donovan) ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نويابىردىكى كېلىشىم خىتاينىڭ قانۇنسىز خىمىيەلىك بۇيۇملار سانائىتىنىڭ غەربىي يېرىم شاردىكى تەمىناتىنى قوللىشىنى ئۆزگەرتمىدى.

دونوۋان: «بىز خىتايغا تېخىمۇ كۆپ بېسىم ئىشلىتىشىمىز كېرەك» دېدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.reuters.com/world/us/us-committee-finds-china-is-subsidizing-american-fentanyl-crisis-2024-04-16/



# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى زېمىنى

كۆرشات يىلدىرىم

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي زېمىنى

دوكتور كۈرشات يىلدىرىم

ئاپتور ھەققىدە:

دوكتور كۈرشات يىلدىرىم ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تارىخ بۆلۈمىنىڭ لېكتورى؛ شاڭخەي چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي ئەزاسىدۇر.

ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلغان بۇگۈنكى موڭغۇلىيە زېمىنلىرى شەرقتە ھىنگان تاغلىرى بىلەن مانجۇرىيەدىن، غەربتە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا جۇڭغارىيە بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىن ئايرىلغان يۇكسەك ئېگىزلىكتۇر. بۇ جاي شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 2575 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 1287 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن بىر مىليون 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1463 مېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئەڭ تۆۋەن جايى شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە، سىبىرىيە ۋە مانجۇرىيەنىڭ تۇتاشقان جايىدىكى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 513 مېتىر كېلىدىغان نۇقتىدۇر. ئەڭ ئېگىز جايى بولسا، غەربتىكى ئالتاي تاغلىرىدىكى 4322 مېتىرلىق ئېگىزلىكتىكى نۇقتىدۇر. دېمەك، موڭغۇلىيە غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي پەسلەپ ماڭىدىغان بىر زېمىندۇر. موڭغۇلىيەنى يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە يۈكسەك ئېگىزلىك بولغان شىمالىي موڭغۇلىيە، گوبى بەلبېغى بولغان ئوتتۇرا موڭغۇلىيە ۋە ئوخشاشلا ئېگىزلىك ھېسابلىنىدىغان جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىش كېرەك. شىمالىي موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان ئالتاي ۋە ھانگاي تاغ تىزمىلىرى، شەرقىي قىسمىدا ھېنتىين (Хэнтийн) تاغلىرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلىدۇ. بۇ يەردە قارىغاي ۋە قارا قارىغاي (Pinus nigra) دەرەخلىرىدىن تەركىب تاپقان ئورمانلار ھەمدە چوڭ-كىچىك نۇرغۇن كۆل، دەريا، ئۆستەڭلار باردۇر. بۇ ئېقىنلارنىڭ قىرغاقلىرى تۈرلۈك-تۈمەن خىل ئوت-چۆپلەر ئۆسىدىغان بولۇق ئوتلاقلاردۇر. شۇ ۋەجىدىن، شىمالىي قىسمى چارۋىلار ئۈچۈن مول ئوزۇقلۇق مەنبەسىدۇر. شىمالىي موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئورخۇن ۋە تۇلا دېگەن ئىككى چوڭ دەريا شىمالسىرى ئېقىپ، سېلېنگا دەرياسىغا قوشۇلىدۇ ۋە بۇ دەريا داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئېقىپ، بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئورخۇن ۋە تۇلا دەريالىرىنىڭ قىرغاقلىرى ئىنتايىن قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا، هونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان ھەمدە دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى «خاقان چېدىرلىرى»نى مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ بويىغا قۇراتتى. بۈگۈنكى موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى بولغان ۋە 1639 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان ئۇلانباتۇر شەھىرىمۇ تۇلا دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىدۇر. شەرقىي قىسمىدىكى ئونون، كەرۇلەن ۋە تۇلا دەريالىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەريانىڭ بويلىرى تارىختا موڭغۇللارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرىدۇر.

## قۇرغاقلىق مەسىلىسى

ئىچكى ئاسىيادا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقتە موڭغۇلىيە يايلىقىدىن باشلاپ مەركىزىي ئاسىيادىن غەربكە، ئارال كۆلىگە، كاسپىي دېڭىزىغا ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ۋە جەنۇبتا ئافرىقانىڭ سەھرايى كەبىر چۆلىگە قەدەر سوزۇلغان رايون چوڭ قۇرغاقلىق بەلبېغىدۇر. بۇ جەھەتتە، ھەممە تەرەپتىن دېڭىزلارنىڭ تەسىرىدىن مەھرۇم بولغان ۋە قۇرغاقلىق بەلبېغىدىن يەر ئالغان رايونغا «ئىچكى ئاسىيا» دېيىلىدۇ. بۇ يەردە شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا ئۇزۇلۇكسىز تەرزدە سوزۇلغان قۇرغاقلىق بەلبېغىنىڭ شىمالىي قىسمى، يەنى سەددىچىن ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئارال كۆلى، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا باغلانغان بەلباغنىڭ شىمالى قۇرغاقلىقنىڭ تەسىرىگە ئانچە بەك ئۇچرىمىغان.

## تېمپېراتۇرا ۋە ھۆل ـ يېغىن

مانجۇرىيە ئارقىلىق دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان موڭغۇلىيەدە نەملىك ۋە ھۆل ـ يېغىن پەرقى بەكلا زور. يەنە كېلىپ، بۇ يەردە قىشتا بەك قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇردا 1941 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان يىگىرمە يىللىق تېمپېراتۇرا ئۆلچەش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ جەرياندىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 32، ئەڭ تۆۋىنى نۆلدىن تۆۋەن 46 سېلسىيە گرادۇس بولغان. بۇ شەھەردە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن. بۇ رايوندا تېمپېراتۇرادا زور پەرق بولغىنىدەك، ھۆل ـ يېغىن مىقدارىدىمۇ زور پەرق مەۋجۇت.

تارىخي زېمىن

## 1. ئۇيغۇرلار جايلاشقان رايونلار

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخي زېمىنىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى جايلارغا تارقىلىپ جايلاشقانلىقىنى بىلىش پايدىلىقتۇر. بۇ جەھەتتە، تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە خىتايچە ئەسەرلەردىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق مەنبەيىمىز بار.

تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىغا كۆرە:

تارىيات مەڭگۈ تېشىدا، خانلىقىنىڭ زېمىنى بايانچۇرنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق ئوچۇق بايان قىلىنغان: «سەككىز ئېقىنلىق سېلېنگا، ئورخۇن، تولا، سەبىن، تەلەدۇ، قاراغا، بۇرغۇ. مەن بۇ زېمىنلىرىمدا ۋە مۇشۇ سۇلىرىم (نىڭ بويلىرىدا) / مۇشۇ رايوندا تۇرارمەن، كۆچەرمەن. يايلىقىم ئۆتۈكەنىنىڭ شىمالىي (تەرىپى) غەربىي ئۇچى، تەس (دەرياسى) بېشى، شەرقىي ھانۇي كۆل ۋە ھۇنۇيى كۆل (دەريالىرى) ... ئىچكى ئورمانلىرىم / ئەسلى ئورمانلىرىم ئۆتۈكەن يېرى / ئۆتۈكەن رايونى؛ ئونغى تارخان سۈيى يېقىن خەلقىنىڭ ... خاقانىنىڭكى؛ جەنۇبىي ئۇچى ئالتاي تاغلىرى، غەربىي ئۇچى كۆگمەن (تانۇ-تۇۋا تاغلىرى)، شەرقىي ئۇچى ... (تارىيات، غەربىي / 4، 5)» بۇ يەردە خاقان يايلىقىنىڭ غەربىي ئۇچى ھانگاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي ياكى شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر رايون بولغان تېگراس، تانۇ-ئولانىڭ جەنۇبىدىكى ئۇبسا كۆلىگە قۇيۇلىدىغان تەس دەرياسى بولغان تەز بېشى، تانۇ تېغى بولغان كۆگمەن؛ شەرقى ئۆتۈكەن، سېلېنگا دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىدىن ھانۇي ۋە ھانۇي دەريالىرى بولغان كانيۇي، كۇنۇي ۋە بەلكىم قادىرغان يىش؛ شىمالى ئۆتۈكەنىنىڭ شىمالىغا ئانچە يىراق بولمىغان ئونغىدۇر.

خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە:

«يېڭى تاڭنامە»نىڭ ئۇيغۇرلارغا ئايرىلغان 217-بۆلۈمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەنبەنىڭ «ئۇيغۇرلار» بۆلۈمىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىرىنچى كۆكتۈرك

دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن «چۆل»نىڭ، يەنى گوبى چۆلىنىڭ شىمالىغا ھەمدە سىر-تاردۇشلارنىڭ شىمالىدىكى سېلېنگا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشاۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى خىتاي پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن)گە يەتتە مىڭ لى كېلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇلارغا سۆكۈن ئېركىن رەھبەرلىك قىلىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئورنىغا چىققان ئوغلى بۇسات، تەخمىنەن 630-يىلى سىر-تاردۇشلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كۆكتۈركلەرنى مالىي تېغىدا (بۇ موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر تاغدۇر) مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنى شىمالغا، يەنى تەڭرىتېغىغا قوغلىۋەتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئۇيغۇرلار سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدىن خېلى بەك جەنۇبقا چۈشۈپ، كۆكتۈركلەرنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى جەنۇبتىن شىمالدىكى ھانگاي تاغلىرىغا ھەيدىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىرىنچى كۆكتۈرك دۆلىتى يىقىلغان چاغلاردا، يەنى تەخمىنەن 630-يىلى سېلېنگا ۋە ئورخۇن دەريالىرى ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇسات «ئېركىن»دىن تېخىمۇ يۇقىرى ئۇنۋان بولغان «ئىلتەبىر»نى قوللىنىشقا باشلىدى ۋە خاقان چېدىرىنى تۇلا دەرياسىنىڭ بويىغا قۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۆكتۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت مەركىزىنى تېخىمۇ شەرقتىكى تۇلا دەرياسى بويلىرىغا يۆتكىدى. ئۇيغۇرلار راۋۇرۇس كۈچلەنگەندىن كېيىن سىر-تاردۇشلارنى جەنۇبتىكى ئالاشان تېغىغا، گەنسۇ تەرەپلەرگە قوغلىۋەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۆز زېمىنلىرىنى گەنسۇ پاسىللىرىغىچە كېڭەيتتى.

ئۇيغۇرلار 646-، 648-يىللىرىدا جەنۇبقا، گەنسۇ ۋە شەرقىي تۈركىستان تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلدى. كۆكتۈرك ئاشىناقۇلى بېشبالىقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ۋە پورۇن خىتايلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالدى. پورۇنىنىڭ ئورنىغا چىققان بىلى دەۋرىدە بولسا، ئۇيغۇرلار ھېلىھەم ئاتالمىش يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. بۇ چاغلاردا گوبى چۆلى خىتاي بىلەن بولغان چېگرا ئىدى ھەمدە چۆلنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلارغا بويسۇنغانىدى.

742-يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار جەنۇبتىكى كۆكتۈرك زېمىنلىرىغا جايلاشتى. خاقان چېدىرلىرىنى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئارىسىغا يۆتكىدى. بۇ يەر جەنۇبتىكى غەربىي شەھەرگە 1700 لى يىراقلىقتا ئىدى. غەربىي شەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گاۋچۆ چېگراسىدا بولۇپ، شىمالىي گوبى چۆلىنىڭ ئېغىزىغا 300 لى كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئىگە بولدى.

ئۇيغۇر قاغانى 756ـ يىلى سەركەردە شوفاڭ بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، توڭرا ۋە باشقا قەبىلىلەرنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدا مەغلۇپ قىلدى. قوماندان بىلەن خۇيەن ۋادىسىدا ئۇچراشقان قاغان مەزكۇر قەبىلىلەرنىڭ زېمىنلىرىنى قولغا كىرگۈزدى.

840ـ يىلى، جۇلۇ باھادىر قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە تۇيۇقسىز ئۇيغۇر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قاغاننى ئۆلتۈردى ۋە پۈتۈن خەلقنى تارىتىۋەتتى. 15 قەبىلە قارلۇقلارغا قېچىپ كەتتى. قالغان ئۇيغۇرلار تىبەت ۋە كۇچاغا بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، خان جەمەتىنىڭ مەركىزىدىكى 13 ئائىلە ئوكا تېكىننى قاغان قىلدى. ئۇلار خاقان چېدىرىنى جەنۇبقا، ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئوتتۇرا ئۇراد تۇغىنىڭ شىمالى چېگراسىدىكى سوزى تېغىغا قۇردى.

شۇڭا، «ھەقىقىي ۋەتىنى سېلېنگا دەرياسى ئىدى ۋە خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بېشبالىق ۋە گەنسۇغا قېچىپ كەتكەن» دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ 7ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 9ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 250 يىللىق مەزگىلدە، نۆۋەت بويىچە: بىرىنچى كۆكتۈرك دۆلىتىگە تەۋە بولغان چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدا؛ كۆكتۈركلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سېلېنگا-ئورخۇن دەريالىرى ئارىسىدا ۋە تۇلا دەرياسى بويلىرىدا؛ ئىككىنچى كۆكتۈرك دۆلىتى دەۋرىدە يەنە بەلكىم تېخىمۇ شىمالدىكى سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدا، گەنسۇ ۋە شەنشىدە؛ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئورخۇن دەرياسى-ئۆتۈكەن تېغى ئارىسىدا؛ خانلىق يىقىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى قارلۇقلارنىڭ زېمىنلىرىدا، ئىچكى موڭغۇلىيەدە، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا تورلىشىپ ياشىغانلىقى مەلۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار يايلاقتىكى دۆلەت مەركەزلىرىنى ۋە تەبىئىي ھايات رايونلىرىنى تەرك ئېتىپ، غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچۈپ، تولىمۇ پەرقلىق زېمىنغا قەدەم قويغان.

## يوللار

### خىتايدىن ئۇيغۇر خانلىقىغا بارىدىغان يوللار:

بۇ يوللارغا ئائىت ئەڭ ئوچۇق خاتىرىلەر «يېڭى تاڭنامە»نىڭ جۇغراپىيەگە ئايرىلغان بۆلۈملىرىدىن بىرى بولغان 43ـ بۆلۈمنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن ئورۇن ئالغان. ھالبۇكى، خىتايلارنىڭ پۈتكۈل يەر-جاي ناملىرىنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە خىتايچىلاشتۇرۇۋالىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار

سەۋەبلەر تۈپەيلى، مەزكۇر خاتىرىدىكى كۆپىنچە يەرلەرنىڭ ئورنىنى ۋە بۈگۈنكى ئىسمىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، شۇنداقتىمۇ مۇساپىلەرنى، يوللارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىنى، ئۆتكەن يەرلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى، هايۋانلار تۈرىنى، سۇ مەنبەسى-قۇرغاقلىق ئەھۋالىنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى، يەر شەكلىنى، تەبىئىي توسۇقلارنى بىلىش جەھەتتە بۇ مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمىز. مەۋجۇت مۇشەققەتلەرگە قارىماستىن، پەرقلىق خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، خىتايدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بارىدىغان لىنىيەنى سىزىپ چىقىش ھەم مۇمكىن.

مەزكۇر مەنبەدىكى بىر بايانغا كۆرە، جوڭشۇۋشياڭ شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ تۈپتۈز سەكسەن لى مېڭىپ، شەرقكە بۇرالغاندا، خۇيەن ۋادىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ ۋادىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدا خۇيەن سېپىلى، شىمالىي ئېغىزىدا گۈيتاڭ (تاڭغا قايتىش) سېپىلى بار ئىدى. بۇ يەر هارۋا يولى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ئۆتىدىغان جاي ئىدى. بۇ يەردىن يەنە 500 لى ماڭغاندا، باتاغان بۇلاقا (鷿鵜) يېتىپ كېلىنەتتى ۋە ئۇ يەردىن يەنە ئون لى ماڭغاندىن كېيىن، گوبى چۆلى باشلىناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركەك كېيىك (麚鹿) تېغى، كېيىك قۇلىقى (鹿耳) تېغى ۋە زەئىپ ساۋۇت (錯甲) تېغىدىن ئۆتۈپ، يەنە 800 لى ماڭغاندىن كېيىن تاغ قارلىغىچى (山鷰子) قۇدۇقى بار ئىدى. بۇ يەردىن يەنە غەربىي شىمالغا ماڭغاندا، زىچ تېرىق (密粟) تېغى، دادان (達旦) كۆلى، ياۋا ئات (野馬) كۆلى، قاغان بۇلىقى، خېڭلىڭ چوققىسى، يىپەك بۇلاق، ئەينەك كۆل قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈلەتتى ۋە جەمئىي 700 لى دىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي خاقان چېدىرىغا يېتىپ بېرىلاتتى.

بۇ ۋە باشقا مەلۇماتلار نەزەردە تۇتۇلغان هالدا، خىتايدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بارىدىغان لىنىيەنى مۇنداق بايان قىلىش مۇمكىن: بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى بۇگۇتۇ خوتا دېگەن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىكى يېزىدىن، يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن يولغا چىقىلاتتى ۋە شىمالغا ئىلگىرىلەپ بىر ۋادىغا كېلىنەتتى. تۇرلۇك ئۆتەڭ ۋە سېپىللاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، «تۇز كۆلى»گە يېتىپ كېلىنەتتى. ئاندىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بۇ كۆل ئارقىدا قالغاندىن كېيىن، «قۇم چۆلى»گە يېتىپ كېلىنەتتى. چۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېھتىمال كەرۇلەن دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنىغا يېتىپ كېلىنەتتى. ئۇ يەردىن غەربىي شىمالغا، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىلىپ، ئورخۇن، تامىر ۋە سېلېنگا دەريالىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈلەتتى-دە، ئاخىرىدا ئورخۇن دەرياسى ۋە هانگاي تاغلىرى ئارىسىدىكى يايلاققا بېرىلاتتى.

## خانلىقنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەن، ئۆتۈكەن تېغى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى جۇغراپىيەسىنى تەكشۈرگەندە، تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە، خانلىقنىڭ مەركىزى ۋە خاقان چېدىرى قۇرۇلغان جاي بولمىش ئۆتۈكەندۇر. ئۆتۈكەنگە ئالاقىدار مەڭگۈ تاشلاردا بەزى ئىپادىلەر ئورۇن ئالغان:

«تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن ئورمىنىدا ئولتۇرسا، يۇرتتا چاتاق چىقماس» (كۆلتېكىن، جەنۇب/4، بىلگە قاغان، شىمال/2)

«ئۆتۈكەن ئورمىنىدىن ياخشىسى پەقەتلا يوقكەن. يۇرت قىلىدىغان جاي ئۆتۈكەن ئورمىنى ئىكەن.» (كۆلتېكىن، جەنۇب/4)

«مۇقەددەس ئۆتۈكەن ئورمىنىنىڭ خەلقى، كەتتىڭ. شەرقكە كەتكەن، كەتتىڭ. غەربكە كەتكەن، كەتتىڭ. بارغان يېرىڭدە ياخشىلىقىڭ شۇ بولۇشى كېرەك: قېنىڭ سۇ كەبى ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭ تاغ كەبى ياتتى.» (كۆلتېكىن، شەرق/23، بىلگە قاغان، شەرق/19)

«ئۇ يەرگە ئۇدۇل بارساڭ، تۈرك خەلقى ئۆلەرسەن! ئۆتۈكەن يېرىدە ئولتۇرۇپ، كارۋان ئەۋەتسەڭ، ھېچبىر چاتاق چىقماس. ئۆتۈكەن ئورمىنىدا ئولتۇرساڭ، ئەبەدىي يۇرت سوراپ ئولتۇرىسەن.» (كۆلتېكىن، جەنۇب/8)

«تۈرك خەلقىنى ئۆتۈكەن يېرىگە، مەن ئۆزۈم بىلگە تونيۇقۇق ئۆتۈكەن يېرىگە قويمۇش دەپ ئاڭلاپ، جەنۇبتىكى خەلق، غەربتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەر كەلدى.» (تونيۇقۇق، جەنۇب/10)

بۇ ئىپادىلەر ئۆتۈكەننىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن تىزگىنلەش كېرەك بولغان، ئۇلۇغلانغان يەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (بۇ ئىپادىلەرگە كۆرە) ئۆتۈكەندە ئولتۇرغانلار مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ، بۇ يەرنى تەرك ئەتكەنلەر ھالاك بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆتۈكەن نوقۇل بىر رايوننى كۆرسەتمەستىن، تەخمىنىي جۇغراپىيەلىك زېمىن بولغان ۋە ئېنىق بىر يەرنى كۆرسەتمەيدىغان «مۇقەددەس مەركەز» ئۇقۇمىدۇر.

مەڭگۈ تاشلاردىكى يەنە بەزى ئورۇنلاردا بولسا، «ئۆتۈكەن» بىۋاستە مەلۇم بىر ئورۇننى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

«كۆك ئۆڭنى چەيلەپ، ئۆتۈكەن ئورمىنىغا ئەۋەتتىم.» (تونيۇقۇق، جەنۇب/8)

«... ئاتىلىرىم سەكسەن يىل تەختتە قاپتۇ. (يۇرتلىرى) ئۆتۈكەن يۇرتى، ئۆگرەس يۇرتى (ئىكەن). بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا، ئورخۇن دەرياسىدا ... ھۆكۈم سۈرۈپتۇ.» (تارىيات، شەرق/3ـ4)

«ئۆتۈكەن ۋە ئۆگرەس يۇرتى ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. سۈيى سېلىنگا ئىكەن.» (شىنە ئۇسۇ، شىمال/2)

يۇقىرىقى ئىپادىلەردىن مەلۇمكى، «ئۆتۈكەن» نوقۇل ھالدا تەسەۋۋۇردىكى ماكان بولماستىن، ئېنىق بىر ماكانىنىڭ ئىسمىدۇر. ئەمما، «ئۆتۈكەن» دېگەن يەر بىلەن ئۆتۈكەن تېغىنى بىر جاي دەپ قارىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، ھونلار يىلنىڭ تۆنجى ئېيىدا تەڭرىقۇتىنىڭ چېدىرىدا، يەنى تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆتۈكەنىنىڭ مەركىزىدىكى خاقان چېدىرىدا قۇرۇلتاي ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر بۇ يەردىكى «ئۆتۈكەن» بىلەن «ئۆتۈكەن تېغى» بىر جاي دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بۇ قۇرۇلتاي تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ئوتتۇز گرادۇس ئەتراپىدا بولغان، قېلىن قار بىلەن قاپلانغان، چىقىش تەس بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ ئەقىلگە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەمما، ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئۆتۈكەن ئورمىنىنى بىر يەردە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۆتۈكەننى بەزىدە (كونكرېت ئورۇن ئەمەس) ئابستراكت ئۇقۇم دەپ قاراش ھەم زۆرۈر.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىنىڭ ھانگاي تاغلىرى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى «ئۆتۈكەن» دېگەن تۈزلەڭلىكتە بولۇشى ھەمدە ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئاساسەن ھانگاي تاغلىرىدا بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن.

## ھانگاي تاغلىرى

ھانگاي تاغلىرى شەرقىي ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە تاغلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت ئىككى جۇغراپىيەلىك بىرلىك ئارىسىغا سوزۇلغان. بۇ تاغلار غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ، تەخمىنەن 700 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بۇ تاغلارنىڭ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000~5000 مېتىردۇر. بۇ تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان «ئوتگونتەڭرى»نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4031 مېتىرغا يېتىدۇ.

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى


مسلسز ئويغنش
خىتاينىڭ تاماق ئۇرۇشى: ئۇيغۇر كىملىكىنى يېمەك - ئىچمەك ئارقىلىق يوق قىلىش
تىموسى گروس

# خىتاينىڭ تاماق ئۇرۇشى: ئۇيغۇر كىملىكىنى يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق يوق قىلىش

تىموسى گروس

تەربىيىلەش 2018-يىلى، نويابىر ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى باشلاندى. دەرس سىنىپتا ئەمەس، شىنجاڭدىكى «ياتاقلىق مەكتەپ» تۈزۈمىدىكى بىر ۋاقىتلىق ئاشخانىدا ئۆتۈلەتتى. ئوقۇتقۇچى بۇ ياتاقلىق مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق ئاشخانىسىدا قورامىغا يەتكەن خانىم-قىزلاردىن «ناشتىلىقتا نېمە يېيىشنى ياخشى كۆرىسىلەر؟» دەپ سورىدى.

«ئوقۇغۇچىلار» بىردەك هالدا «نان بىلەن سۈت» ياكى «نان بىلەن چاي» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

«ناشتىلىقتا قىززىق شىفەن ئىچەمسىلەر؟» دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچى. بۇ سوئال «ئايال ئوقۇغۇچىلار»نىڭ هەيرانلىقىنى ئاشۇردى.

خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرىشىدىكى «شىنجاڭلىق ئاياللارنىڭ ئاۋازى» ناملىق مېدىيا هېسابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئاياللار فېدىراتسىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەۋە ئوقۇتقۇچىلار پىلتە قۇيماق، شىفەن، پىياز قاتلىمىسى، هورنان ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش دەرسلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ (خىتايچە ناشتىلىق تەييارلاش) دەرسلىكىنى تاماملىغان قاتناشقۇچىلاردىن بىرى مۇنۇلارنى ئېيتتى:

مەن ئىلگىرى ناشتىلىقتا پەقەتلا نان ۋە ئەتكەن چاي تەييارلاشنىلا بىلەتتىم. مانا ئەمدى پىياز قاتلىمىسى، كالتەك قۇيماق تەييارلاشنى، هەتتا گۈللۈك هورنان ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئەمدى ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ناشتىلىقىنىڭ ئۇزۇقلۇق سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. هەر خىل كۆكتاتلارنى ۋە شىفەننى بالىلىرىم تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ يەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئەنئەنىلىرىنىڭ خىتايلارنىڭكىگە نىسبەتەن تۈۋەن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا ئىما قىلىدىغان بۇ خەۋەردىكىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلىرىدە قالاق ھالەتتە قالغان» دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەبلىك، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرەل ھاياتىنى ھەم ئۆزىگە تونۇشلۇق، ھەم تەھدىدتىن خالىي رەۋىشكە ئېلىپ كېلىش، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش تىرىكشىدە داۋام قىلماقتا؛ خىتايچە پۇراققا ئىگە بىر قاتار ئادەتلەرنى پاكىزلىقنىڭ، زامانىۋىيلىقنىڭ ۋە نورماللىقنىڭ ئۆلچىمى دەپ تەشۋىق قىلماقتا.

يېمەك مەسىلىسىدە بېيجىڭ مەزكۇر ئۆلچەملەرنى يەرلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىغا بىۋاسىتە ھالدا مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇشقا كۈچەمەكتە. ھەتتا، ھۆكۈمەت تەرەپ يەرلىك تاماق مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ماختىغاندىمۇ، كۆپلىگەن خىتاي ساياھەتچىلەر ماختاپ تۇرۇپ يەيدىغان يەرلىك تاماقلارنى «ئۇيغۇر تائاملىرى» دېمەستىن، «شىنجاڭ تائاملىرى» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداقلا، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-كۈلتۈرەل يېمەك-ئىچمەكلىرىنى — بولۇپمۇ بۇ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى ئىسلام قانۇنى ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلگەن تەقدىردە — ئەڭ كەمىدە ئۇيغۇر-خىتاي ئېتنىك بىرلىكى سىياسىتىنىڭ قارشىسىدىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ قارايدۇ، ئەڭ يامان بولغاندا بۇنى ئاشقۇنلۇققا يول ئاچىدىغان ۋاستىلەر دەپ قارايدۇ.

قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مىجىت قادىر مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانچە ھالاللىق قائىدە-يوسۇنلىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خىتاي خەلقى ئارىسىنى بىرلەشتۈرگىلى قويمايدىغان توسالغا يارىتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئارىسىنى كۆرۈنمەس سېپىلدەك توسۇپ تۇرىدۇ.»

مىجىت قادىر يەنە مۇنداق دېگەن:

«مەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۈچىنچى دېۋىزىيىسىدە ئىشلەش جەريانىمدا بەزى ئاز سانلىق مىللەت ساقچىلىرىنىڭ ۋە ياردەمچى ساقچىلارنىڭ زامانغا ماس كەلمەيدىغان قالاق ئادەتلىرى بارلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار كىچىكىدىن چوشقا گۆشى يەپ كۆنمىگەنلىكتىن، چوشقا گۆشىنى يېگىلى ئۇنىمايتتى. زامانىۋىي مەھسۇلاتلارنىمۇ قوللىنالمايتتى. بۇ خىل ساقچى يولداشلار دوگما دىنىي ئەقىدىگە ياتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىدىن قورقىدۇ. مۇشۇنىڭدەك (مىللىيچە) كۆز قاراشلار چوقۇم ئۆزگىرىشى كېرەك.»

ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مىجىت قادىرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىنى «دوگما» دەپ ئاتىماقتا ۋە خىتاي خەلقى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان زامانىۋىيلىققا قارشى مەيدانغا چىقارماقتا. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە نىسبەتەن، خاتا ئوزۇقلىنىش زامانىۋىيلىشىشقا توسالغۇ بولىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ئائالمىش يەرلىك قالاقلىقنىڭ ساقىندىلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاياللىرى جىلبابلىرىنى (جىلباب — ئاياللار سىرىتقا چىققاندا كىيىدىغان، بەدەن ئەزالىرىنى

سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان كەڭرى ۋە ئۇزۇن ئىسلامىي كىيىم) تىزىغا كەلگۈدەك كالتا يوپكىلارغا ئالماشتۇرۇشى كېرەك بولۇپلا قالماستىن، يېمەك-ئىچمىكىنىمۇ خىتايلارغا ئوخشاشلاشتۇرۇشى كېرەك.

بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر تائاملىرى لاۋزا، تەمسىز؛ ئۇيغۇر تائاملىرى ئۇنى يېگەنلەرنىڭ دىنىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارىسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىلىرىدە ئېتىلىدىغان ياكى رېستورانلىرىدا چىقىرىلىدىغان تائاملىرى تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىلىرىدىكى ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ماس ھالدا بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر. مەسىلەن، قۇمۇل تەرەپتە «مورى ياپمىسى» نامى بىلەن ئاتالغان تاماق مەزكۇر رايوندىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشكەن بولسا، «توخۇرمىيەن» يەكەنلىكلەرنىڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تامىقىدۇر. رايون ئوخشىماسلىقتىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ئورتاق خۇرۇچلىرى بۇغداي، گۆرۈچ، قوناق، ھالال گۆش تۈرلىرى، كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەر قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر تائام ئېنسكلوپېدىيىسى»دە 1800 خىلدىن ئارتۇق تائام تۈرى بايان قىلىنغان. ئېنسكلوپېدىيەنىڭ كىرىش سۆز بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەكلىرى تۈرىنىڭ كۆپلىكى، ئۇستىلىق بىلەن تەييار قىلىنىشى، يۇقىرى سۈپىتى، ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ۋە تېببىي پايدىلىرى سەۋەبلىك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياقتۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.»

بىراق، ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى نەشىر قىلىنغان 2007-يىلىدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋەزىيەت زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. بېيجىڭ ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر تائاملىرىنى ماختىمايدۇ، ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تېببىي پايدىلىرى ھەققىدىمۇ سۆز قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا «خىتاي يېمەك-ئىچمەكلىرى» نىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇلۇشى، مەزكۇر پارتىيە دۆلىتىنىڭ كەڭ دائىرىلىك «مۇقىملىق خىزمىتى» نىڭ مۇھىم ۋارىياتلىرىدىندۇر.

يېقىنقى يىللاردا رايوندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەجبۇرىي ۋە زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان كونترول مىخانىزمىغا ياندىشىپ ھالدا ئۇيغۇرلارنى زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇغۇشىنى چەكلەش، دىنىي ئىبادەتلەرنى چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان بېيجىڭ يۇقىرى چەكتىكى كۆزەتچىلىك بىلەن مەجبۇرىي تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، «خەلقنى زىيارەت قىلىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەلقنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرۈش» (访惠聚) نامى ئاستىدىكى (بۇ خىزمەت، خىتاينىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتىنى نامايەن قىلغان ئاساستا ئەمەلدىن باشلاپ تەرجىمىدە «خەلقنى ئوۋلاش خىزمىتى» دەپ ئېلىنىدۇ) تۇغقاندارچىلىق سىياسىتى ئاستىدا، كۆپ سانلىقى خىتايلارنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمەت

كادىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىرىگە «ياشاش، ئوقۇش ۋە ئىشلەش» ئۈچۈن ئەۋەتىلمەكتە. 2018-يىلىدىكى ستاتىستىكىغا كۆرە، بۇ پروگراممىنىڭ دەسلەپكى تۆت يىلىدا 56 مىڭ كادىرلار گۇرۇپپىسى ئۇيغۇرلارنى 380 مىليون ئادەم قېتىم زىيارەت قىلغان. بۇ پروگراممىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولغان (2021-يىلىدىن باشلانغان) كۈنىمىزدە، بۇ كادىرلار پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتنىڭ كۆز-قۇلىقى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ئاشقۇنلۇق» يۈزلىنىشلىرىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلغاندىن سىرت، (ئاتالمىش) «ساغلام مەدەنىيەت»نى (يەنى خىتاي مەدەنىيىتىنى) خەلققە يەتكۈزگۈچىلەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

خىتاي مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مودا كېچىلىكلىرى ئۇيۇشتۇرۇشتىن، ئاتالمىش قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگۈزۈشكىچە بولغان بارچە «خەلقنى ئۇۋلاش» خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئوينايدىغان ئاساسىي رولى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لوگىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: مۇقىم شىنجاڭ — بېيجىڭ تەرىپىدىن قالاق، دىندا چىڭ تۇرۇۋالىدىغان، بەزى ھاللاردا ئاشقۇنلۇققا گىرىپتار بولغان يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، ئەركىنلەشتۈرۈلگەن ئاياللارنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئايال كىشىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئۇنىڭ ساغلام ياكى ساغلامسىز تەسىر تارقىتىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. قەشقەر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دىلبەر ئىمام مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر ئاياللىرى چوقۇم دىنىي ئاشقۇن كۈچلەر تارقاتقان تەلىماتلارنى يوق قىلىپ تاشلاپ، رېئال شىنجاڭ يۈزلىنىشىنى جانلاندۇرۇشى لازىم. بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇنى ياخشى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز لازىمكى، ئانا ياخشى بولسا، بالىمۇ ياخشى بولىدۇ. بالا ياخشى بولسا مىللەت ياخشى بولىدۇ. مىللەت ياخشى بولسا، ئانا يۇرتىمىز ياخشى بولىدۇ.»

شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى «ئاشقۇنلۇق»تىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى زامانىۋىي جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قەرەللىك «ئائىلە مەكتىپى» نامى ئاستىدا كەڭ كۆلەملىك سېخلارنى تەسىس قىلدى. شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەسمىي تور بېتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئائىلە مەكتىپى «يېڭى دەۋر ئاياللىرىنىڭ ئادەت-ئەنئەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ.» تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسى ئۆزى باش بولۇپ، يېزا-قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «ناچار ئادەت»لىرىنى تەرك ئېتىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان؛ پارتىيىنى سۆيىدىغان، خىتاي دۆلىتىنى سۆيىدىغان ۋە ئائىلىنى سۆيىدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا بىر ئوچۇم «زامانىۋىي، مەدەنىي ئايال ئەلچىلەر»نى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

ئائىلە مەكتەپلىرى كۆندۈزى تېخنىكىلىق تەربىيىلەنى، كەچلىرى بولسا سىياسەت دەرسلىرىنى (يەنى كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ماسلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، مىڭە يۇيۇشنى باش نىشان قىلغان دەرسلەرنى ـ ت) ئاساس قىلغان. تېخنىكىلىق جەھەتتىن ئاشپەزلىك دەرسلىرى ئائىلە مەكتىپى كۇرسىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىدۇر. خىتاي كومپارتىيىسى ئۇچۇن ئىشلەيدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان خىتاي كادىرلارغا نىسبەتەن «جەنۇبىي شىنجاڭ تاماقلىرىنىڭ تۈرلىرى ئاز» بولغانلىقتىن، ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا تاماق تەييارلاشتا ۋە «ئىلىم ـ پەنگە ئۇيغۇن ساغلام» تاماقلارنى تەييارلاشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئائىلە كۇرسلىرىدىن بىرىدە، شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى بۇ كۇرستىكى ئاياللارغا «ساغلام ئوزۇقلىنىش ئادىتى»نى «ئۆگەتكەن» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ساغلام ئوزۇقلىنىشقا ئۆرنەك يېمەكلىكلەر سۈپىتىدە ئۆگەتكىنى پىلتە قۇيماق، شىفەن، پىياز قاتلىمىسى، ھورنان (موما) ۋە تۇرلۇك (خىتايچە) شورپىلاردۇر. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ساغلام يېمەكلىكلەر دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ يېمەكلىكلەر خىتاي دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي رايونلىرىدىكى خىتاي ئاھالىسى ناشتىلىقلىرىدا دائىم ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكلەردۇر.

مارالبېشى ناھىيىسىدە 260تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئايال كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى بىلەن ئوخشاش ئايدا ئۇيۇشتۇرۇلغان يەرلىك ئائىلە كۇرۇسىغا قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار (خىتايچە) ناشتىلىق تۈرىدىن 13 خىلىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ تۆت خىلى ئاساسىي يېمەكلىك، سەككىز خىلى قوشۇمچە يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. كۇرسانت ئاياللار يەنە كېرەكلىك خۇرۇچلارنى يۇيۇش، كېسىش، قورۇپ قىزارتىش، تاۋدا قىزارتىش، ياغقا چىلاپ قىزارتىش قاتارلىقلارنى ۋە باشقا ماھارەتلەرنىمۇ ئۆگىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى باشقا رايونلاردىمۇ يۇقىرىقىدەك تەربىيىلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاساسى مەقسەت نان ۋە چايدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ناشتىلىق ئەنئەنىسى ئۆزگەرتىشتۇر. (تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بارغانچە خىتايچىلاشتۇرۇشتۇر. ـ ت)

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خىتايچە يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشنى ئۆگىتىش، شۇ ئاياللار مەۋجۇت ئائىلىلەرگە تۇغقان بولۇش باھانىسىدە خىزمەتكە چۈشكەن كۆزەتكۈچى كادىرلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ كۆزەتچى كادىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە مايىل ـ يۇ، ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى (ئۇيغۇر ئائىلىرىگە باستۇرۇپ كىرىۋالغاندا بولسىمۇ) ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا ئەسلا مايىل ئەمەس. تۇغقاندارچىلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەكتە ناھىيىسىگە خىزمەتكە چۈشكەن خىتاي كادىر تەرىپىدىن يېزىلغان بىر شىكايەتتە مۇنداق بايانلار مەۋجۇت:

«ماڭا ئوخشاش پاقلان گۆشى يەپ كۆنمىگەن بىرى ئۈچۈن، ھەر بىر ۋاخ تاماق بىر قېتىملىق جان قىيناشتىن ئىبارەت. يەنە كېلىپ، كۆپۈنچە ھاللاردا سەۋزە ۋە كاپۇسكا دېگەندەك مەن ياخشى كۆرمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى يەيمىز. بۇنى ئاز كەلدى دەپ، تاماقلارنى يېيىش ئۈچۈن بىۋاستە قولنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بەك تاقىتىم يەتمەيدۇ. مەن بىر تاۋاقتىن ئورتاق يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. بۇ يەتمىگەندەك، ھەر كۈنى چۈشتە لەغمەن، كەچتە سۈيقاش ئىچىش ئادىتىممۇ بولۇپ باقمىغان.»

مۇشۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن ناھىيە، شەھەرلىرىدە ئىچىدە خىتاي رېستورانلىرى بولغان، خىتاي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرى خادىملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پونكىتلاردىن كۆپلەپ قۇردى. ئۇستىدە بىز نەقىل قىلغان شىكايەت خىتاي باشلىقلىرىغا يېتىپ يەتەت ئون كۈندىن كېيىنلا، شايار ناھىيىسىدىكى يەرلىك تۇرمىلەردىن بىرىدە چۈشكۈچىلىك ئۇسلۇبىدىكى ئاشخانا ئېچىلدى. بۇ تۈرمە ئاشخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىسى رېستورانىنىڭ «دوستلۇق ئەلچىلىكى» رولىنى قۇتلىدى. لۇ فامىلىلىك بىر خىتاي كادىر ئۇزاق شىنجاڭدا ئېچىلغان سچۈەن ئاشخانىسىدىن يەپ-ئىچىشنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ بەك خىزمەتكە ئاتىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

شىنجاڭغا يەرلەشكەن خىتاي ئىشچىلارغا خىتايچە تاماق ئېتىپ بېرەلەيدىغان يەرلىك ئاشپەزلەر قوشۇنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلارنى خىتايچە تاماق ئېتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئاشپەزلىك پروگراممىلىرىنى بەرپا قىلدى. ھەتتا، بۇ پروگراممىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن بەزى ئۇيغۇرلار «خەلقنى ئوۋلاش» خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئۈچۈن سەپلەپ بېرىلدى. بۇ ھال خىزمەتكە چۈشكەن خىتاي كادىرلىرىنى ئۆز تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە تېخىمۇ كۆپ زامان ئاجرىتالىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، قىزىلسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە ئاقچى ناھىيىسىدە، يەرلىك خەلقنى بۇ ناھىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان خىتاي كادىرلىرىغا تاماق ئېتىپ بېرەلىشى ئۈچۈن «ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش قۇرۇلۇشى» نامى ئاستىدىكى خىتايچە تاماق ئېتىدىغان ئاشپەز يېتىشتۈرۈش پروگراممىسى يولغا قويۇلغان.

خىتاي كادىرلىرىدىن بىرى بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى ئېيتقان: «ئىلگىرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك ئاشپەزلىرى يوق ئىدى. بۇ ۋەجىدىن، گۇرۇپپا ئىچىدە تاماق ئېتىشتىن خەۋىرى بار بىر ئىككى كادىر ھەر كۈنى ئۆزى ۋە باشقا كادىرلار ئۈچۈن تاماق ئېتىشكە مەجبۇر بولاتتى، بۇ سەۋەبلىك خىزمەتكە تەسىر يېتەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئاقچى ناھىيىسى بۇ مەسىلىنى ئاسان ھەل قىلىدىغان يولنى تېپىپ چىقتى.»

نۆۋەتتە «خىتايچە تاماق ئېتىش كېنىشكىسى»گە ئېرىشكەن بىر ئۇيغۇر ئاشپەز ئايدا 1500 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە مائاش ئېلىپ ئىشلىيەلەيدۇ.

خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ياقتۇرماسلىقى ئېنىق بولۇنۇشىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى «خەلقنى ئوۋلاش» خىزمىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر خىتاي كادىر ئۆزى خىزمەتكە چۈشكەن يېزىدا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتالايدۇ. ؛ېكىن، خىتاي باشلىقنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىنى ياقتۇرماسلىقى يېزىدىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن تەڭداش دەپ قارىشنى ھەر زامان توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ.

خىتايچە تاماقلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، خىتايچە يېمەكلەرنى ئېتىشنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمەكتە. سام گېري بىلەن راج پاتېلنىڭ يېمەك ھۆكۈمرانلىقى جەھەتتە قىلغان تەتقىقاتىغا بىنائەن ئېيتقاندا، يەرلىك خەلققە مۇستەملىكچىلەرنىڭ تاماقلىرىنى ئۆگىتىش يەرلىك تاماقلارنىڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىشى ۋە يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلارغا تەققاسلىغىنىمىزدا، كومپارتىيە ئەملدارلىرى ئۇيغۇر تائاملىرىنى تەمسىز، ھەتتا ساغلاملىققا زىيانلىق دەپ قاراپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئۆزلىرى «ساغلام» ۋە «زامانىۋىي» ھېسابلىۋالغان خىتايچە تاماقلارنىڭ قانداق ئېتىلىدىغانلىقىنى ئۆگەتمەكتە. خىتايچە تاماق ئۇسلۇبلىرى يېڭىچە خورۇچ ۋە ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىپ قالماي، يەنە ئوخشىمايدىغان تاماق ئېتىش ئۇسۇللىرى ۋە تاماقلارنى سۇنۇشتىكى قائىدىلەرنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت كادىرلار گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى تەمسىز ۋە ساغلاملىققا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئىسلامىي تائام مەدەنىيىتىنىڭ چەك-چېگرىلىرىغا رىئايە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۈچۈن، بۇنىڭ «ئاشقۇنلۇق»قا يول ئاچىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى يېيىشىنى مەسىلە قاتارىدا كۆرمەگىلىك. ھەقىقەتەن، خىتاي سەيياھلار شىنجاڭغا ئايىقى ئۈزۈلمەي كەلمەكتە ۋە يەرلىك تاماقلارنى يېمەكتە. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 2023-يىلى، 1-ئۆكتەبىردىكى مۇناسىۋەتلىك خەۋىرىدە، 2023-يىلى ئىچىدە شىنجاڭنى يەتتە مىليوندىن كۆپ ساياھەتچىنىڭ زىيارەت قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. شىنجاڭ ساياھەت ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ چۈەن، خىتايلارنىڭ شىنجاڭغا بۇنداق يۇقىرى رەۋىشتە زىيارەت قىلىشقا يۈزلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى «داڭلىق يەرلىك يېمەكلىكلەر» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىغا بولغان پوزىتسىيىسىدىكى بۇ ئوچۇق زىتلىقنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پارتىيە دۆلىتى ئۇيغۇر تائاملىرى «شىنجاڭچە تاماقلار»

دەپ ئاتىلىپ، مۇشۇ نام بويىچە يېڭىدىن ماركىلاشتۇرۇلغانلىقى مۇددەتتە، بۇنىڭغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى 1984-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا «يېڭى چېگرا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «شىنجاڭ» نامىنى بەردى. يېڭى خىتاي دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنى ئورتاق ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «شىنجاڭ» كىملىكىگە داخىل قىلىشقا تىرىشماقتا. بۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ رەسمىي مېدىيالىرى بۇ جەھەتتە ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نېنىنى تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلماقتا. پارتىيە دۆلىتى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يەرلىك يېمەكلىكلەرنى يوق قىلىشقا كۈچەۋاتقان ئۇيغۇر تائاملىرىنى، بىر تەرەپتىن ئاچ خىتاي تۇرىستلىرىغا «شىنجاڭ تاماقلىرى» نامى ئاستىدا سۇنماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ھېمكەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.chinafile.com/reporting-opinion/viewpoint/beijings-culinary-crusade-erasing-uyghur-identity-through-food



# ئوي-خىياللىرىڭىزغا ئىشىنىۋەرمەڭ

رۇدرا شارما

# ئوي ـ خىياللىرىڭىزغا ئىشىنىۋەرمەڭ

رۇدرا شارما

خىيال ۋە تەپەككۇر

«ئويلىنىشنى توختىتىپ، مەسىلىدىن قۇتۇلغىن» ــ بىر دانىشمەندىن

«تەپەككۇر» ئۆز ئوي ـ خىياللىرىمىز ھەققىدە ئويلىنىش قىلمىشىدۇر. بۇنىڭغا نۇرغۇن ئېنېرگىيە، تىرىشچانلىق ۋە ئىرادە (بۇ تولىمۇ چەكلىك بايلىقتۇر) كېتىدۇ. تەپەككۇر ئۆز كاللىڭىزدىكى ئوي ـ خىياللارغا پائال ئىشتىراك قىلىشتۇر. كاللىڭىزدىكى ھەربىر خىيالغا ئىشتىراك قىلىشىڭىز شەرت ئەمەس. ئەمما، سىز شۇنداق قىلغاندا، بۇنىڭ ئىسمى «تەپەككۇر» بولىدۇ.

«ئوي ـ خىيال» بىز بۇ دۇنيادا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىكى نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان، ئېنېرگىيەگە تولغان روھىي خام ماتېرىيالدۇر. بىز ھېچنەرسىنى ئوي ـ خىيالسىز ھېس قىلالمايمىز. شۇنى بىلىش مۇھىمكى، «ئوي ـ خىيال» بىر ئىسىمدۇر، يەنى ئۇ قانداقتۇر بىز قىلغان مەلۇم بىر ئىش بولماستىن، بىز ئىگە بولغان نەرسىدۇر. ئوي ـ خىيال بىزدىن ھېچقانداق تىرىشچانلىق ياكى كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇ تەبىئىي ھالدا پەيدا بولىدىغان نەرسىدۇر. شۇنداقلا، بىز كاللىمىزغا قانداق خىياللار كېلىشىنى كونترول قىلالمايمىز. ئېنىق ئېيتقاندا، ئوي ـ خىياللارنىڭ كاللىڭىزغا كېلىشى تەبىئىي جەريان بولۇپ، سىز ئۇنى توختىتىشقىمۇ قادىر بولالمايسىز. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمايسىز. لېكىن، تەپەككۇر زور دەرىجىدە ئېنېرگىيە تەلەپ قىلىدىغان، نۇرغۇن ۋاقتىڭىز ۋە ئېنېرگىيەڭىزنى خورىتىدىغان ۋەزىپىدۇر. ئىجابىي ئوي ـ خىيال ياكى كىشىنى ياخشى ھېس قىلدۇرىدىغان ئوي ـ خىيال تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلار سىزنىڭ تەبىئىي تىنچلىق، سۆيگۈ ۋە خۇشاللىق ھالىتىڭىز تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ. يەنى ئوي ـ خىياللار تەپەككۇر ھالىتى بولماستىن، مەۋجۇت ھالەتنىڭ تۇغۇندىسىدۇر.

ئوي-خىيال نېمە ئۈچۈن تۆپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ؟

«ئەتراپىڭغا نەزەر سالغۇچى زېرەك، ئۆز قەلبىگە نەزەر سالغۇچى ئاقىلدۇر» ــ ماتشونا دىلىۋايو (Matshona Dhliwayo)

ئەگەر سىز 100 ئادەمنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن ھازىرقى پىرىزدېنتىمىزغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىسىڭىز، قانداق پەرقلىق جاۋابلارغا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن؟

ھەممەيلەن ئوخشاش بىر ئادەم ھەققىدە توختالغان تەقدىردىمۇ، 100 خىل ئوخشىمىغان جاۋابقا ئېرىشىمىز، چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر ئوي-خىياللىرىنىڭ ۋە دۇنياغا بولغان تونۇشىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. بىز بىر ھادىسىگە يۈكلىگە مەنە (ياكى تەپەككۇر) بىزنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

بۇ خىل مەنا ياكى تەپەككۇر بىز شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتنى كۆرۈشتە ئىشلىتىدىغان سۈزگۈچتۇر. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، بىز رېئاللىقنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، رېئاللىققا بولغان تونۇشىمىزدا ياشايمىز. ۋەقەنىڭ ھېچقانداق مەنىسىز، ئوي-خىيالسىز ۋە ئىزاھاتسىز يۈز بەرگەنلىكى ھەقىقەتتۇر. ھېسسىياتىمىز تاشقى ۋەقەلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ۋەقەلەر ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىزدىن كېلىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان، مەن «تەپەككۇر كىشىنى بىئارام قىلمايدۇ. كىشىنى بىئارام قىلىدىغىنى سەلبىي ئوي-خىياللاردۇر» دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. «كىچىك راھىب ۋە قورۇق كېمە» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ خىل چۈشەنچەم ئۆزگەردى.

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىر ياش راھىب كىچىك كۆلگە يېقىن ئورماندىكى كىچىك ئىبادەتخانىدا ياشايدىكەن. بۇ ئىبادەتخانىدا بىر قانچە قېرى راھىبتىن باشقىلار يېڭى كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە موھتاج ئىكەن. راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىدا نۇرغۇن مەجبۇرىيەتلىرى بار ئىكەن، ئەمما شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ مۇنۇ ئادىتى ئىكەن: بۇ ئادەتكە كۆرە، ئۇلار چوقۇم ھەركۈنى بىر نەچچە جىمجىت ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشى كېرەك ئىكەن. ياش راھىب ئۇستازىغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى، توغرىسى، تېزلىك ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قېرى راھىب ياش راھىبتىن: «سېنى زادى نېمىنىڭ غەزەپلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «شۇنداق، ئادەتتە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئويلانغىنىمدا، ئەتراپىمدا كىشىلەرنىڭ مېڭىپ يۈرگەن ئاۋازلىرى كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرەلمەيمەن. باشقىلارنىڭ مېنىڭ تەپەككۇر قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنى ماڭا دەخلى قىلىشى خۇيۇمنى تۇتقۇزىدۇ. ئۇلار نېمىشقا دىققەت قىلمايدۇ؟ ئاندىن، كۆزۈمدىن قايتىدىن يۇمۇپ، دىققىتىمنى يىغىشقا تىرىشىپ تۇرسام، مۈشۈك ياكى باشقا كىچىك ھايۋانلاردىن بىرەرسى كېلىپ، ماڭا سۈركىشىپ قويىدۇ-دە، دىققىتىم يەنە

چېچىلىدۇ. بۇنداق چاغدا، دەرەخ شاخلىرى شامالدا ئاۋاز چىقارسىمۇ خۇيۇم تۇتىدۇ. بۇمۇ يەتمىگەندەك، قۇشلار چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ-دە، مەن بۇ جايدا تىنچلىنىشقا ئامالسىز قالىمەن» دەپتۇ ياش راھىب. «قارىسام سەن دەخلىگە ئۇچرىغانسېرى شۇنچە بەك ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ كېتىپسەن. بۇ سېنىڭ جىمجىت تەپەككۇر قىلىش ۋەزىپەڭنىڭ غايىسىگە زىت. ۋەزىپەڭ جەريانىدا ساڭا دەخلى قىلغان ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ئاچچىقلانماسلىقنىڭ يولىنى تېپىشىڭ كېرەك» دەپتۇ قېرى راھىب.

پاراڭدىن كېيىن، ياش راھىب ئىبادەتخانىدىن چىقىپ جىمجىت ئويلىنىشقا ماس كېلىدىغان بىر جاينى تاپماقچى بوپتۇ. ئاندىن، ئۇ كۆل بويىدا شۇنداق جاينى تېپىپتۇ. ئۇ پالازنى سېلىپ ئولتۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر توپ قۇش كېلىپ، يېقىن يەردىكى كۆلنىڭ يۈزىدىكى سۇلارنى شالاقلىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ «شاۋقۇن-سۈرەن»لىرىنى ئاڭلىغان ياش راھىب نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىنى ئېچىپتۇ. گەرچە كۆل بويى ئىبادەتخانىدىن جىمجىترەك بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭغا دەخلى قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقى ئۇنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. گەرچە، ئۇ ئۆزى ئىزدىگەن تىنچلىقنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆل بويىغا پات-پاتلا كېلىپ تۇرۇپتۇ.

ئاندىن بىر كۈنى ياش راھىب بىر قولۋاقنىڭ كۆل بويىدىكى كۆتەككە باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، «نېمىشقا قولۋاققا چىقىپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، شۇ يەردە تەپەككۇر بىلەن مەشغۇل بولمايمەن. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭا ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن ئۇ قولۋاقنى ھەيدەپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، تەپەككۇر قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچنەرسە ئۇنىڭغا دەخلى قىلماپتۇ ھەمدە ئۇ پۈتۈن بىر كۈنى تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كەچتە ئىبادەتخانىغا قايتىپتۇ. ئىشلار شۇ تەرىقىدە بىر قانچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. ياش راھىب ئۆزىنىڭ ئاخىرى جىمجىت تەپەككۇر قىلىدىغان جاي تاپقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئاچچىقلانماپتۇ ۋە خاتىرجەملىك ئىلكىدە تەپەككۇر مەشىقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، راھىب قولۋاقتا ئولتۇرۇپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، تەپەككۇر قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ سۇنىڭ شالاقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ۋە قولۋاقنىڭ تەۋرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ-دە، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئالالىقانداق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە دەخلى قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ خۇيى تۇتۇپتۇ. ئۇ تەپەككۇرىنى توختىتىپ، كۆزىنى ئاچقاندا، بىر قولۋاقنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، «قولۋىقىڭنى باشقا تەرەپكە ھەيدە، بولمىسا قولۋىقىمنى سوقۇۋېتىسەن» دەپ توۋلاپتۇ. لېكىن، يەنە بىر قولۋاق ئۇنىڭغا قاراپ تۈپتۈز كېلىۋېرىپتۇ. راھىب تەكرار توۋلاپتۇ، لېكىن كېلىۋاتقان قولۋاقنىڭ يۆنىلىشىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئاخىرىدا كەلگەن قولۋاق راھىبنىڭ قولۋىقىغا سوقۇلۇپتۇ. قاتتىق خۇيى تۇتقان راھىب: «كىم سەن؟

شۇنچە چوڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمىشقا مېنىڭ قولۋىقىمنى سوقۇۋېتىسەن؟» دەپ توۋلاپتۇ. ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، راھىبنىڭ تېخىمۇ بەك ئاچچىقى كەپتۇ-دە، يەنە بىر قولۋاقتا كىم بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ يەنە بىر قولۋاقتا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئاشۇ پەيتتە ئۇستازىنىڭ: «سېنى زادى نېمىنىڭ غەزەپلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟» دېگەن سوئالىنى ئەسلەپتۇ.

مەن ھېكايىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنى تونۇپ يەتتىم: مېنى غەزەپلەندۈرگىنى باشقا كىشىلەر ياكى ئەھۋاللار ئەمەس ئىدى. مېنى خۇيلاندۇرغىنى «قۇرۇق قولۋاق» ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ شۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى. مېنى بىئارام قىلغان ۋە غەزەپلەندۈرگەن ھەرقانداق ئەھۋال بىر قۇرۇق قولۋاققا ئوخشايتتى. مەن ئىنكاس قايتۇرمىسام، ئۇلار مېنى غەزەپلەندۈرىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئەگەر بىز تەپەككۇرنى توختاتساق، ئارزۇ ۋە غايىلىرىمىزدە قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟

«تەپەككۇرنىڭ بىر ئېتىراپ قىلغاندىن باشقا چېكى يوقتۇر» — ناپالېئون خىل.

ھەممىمىز ھەقىقىي ئۆزلۈكىمىزنى تونۇش يولىدا، ئوخشاش سەپەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز. لېكىن، بىز ھەقىقىي ئۆزلۈكىمىزنى تونۇش ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، تاغقا چىقىپ راھىب بولۇشىمىز كېرەك ئەمەس.

مەن ھاياتىمنىڭ زور بىر قىسمى ئازاب بىلەن تولغان تەقدىرىدىمۇ، بۇ دۇنيادا باشقىلار بىلەن مەزمۇنلۇق ياشاشتىن ھەقىقەتەن ھوزۇر تاپىمەن. غايە ياكى نىشانلارنى ياخشى-يامان دەپ ئايرىشتىن بەكرەك مۇھىم بولغىنى، شۇ نىشانلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

غايىلەر مەنبەسىگە كۆرە مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ: ئىلھامدىن ۋۇجۇدقا چىققان غايە ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ۋۇجۇدقا چىققان غايە.

غايە ئۈمىدسىزلىك سەۋەبىلىك ۋۇجۇدقا چىققاندا، بىز تولىمۇ كۈچلۈك يېتەرسىزلىك ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالىمىز. بۇنداق غايە گويا يۈككە ئوخشاش ئادەمگە تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. بىز ھەتتا ئۆز-ئۆزىمىزگە يۈكلىۋالغان ئېغىر ۋەزىپىلەردىن چۈچۈپمۇ قالىمىز. قويمىچىلىق سىندرومى (imposter syndrome — بۇ بىر خىل پسىخولوگىيەلىك ئەندىزە بولۇپ، بۇ خىل ئەندىزىدە كىشى- ھەرۋاقىت ئۆز ئۇتۇقلىرىغا- گۇمان بىلەن قارايدۇ ھەمدە دائىملا «قويمىچىلىقى»نىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ يۈرىدۇ، ت) ۋە ئۆزىمىز ھەققىدىكى گۇمانلار باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇنداقلا، ۋاقتىمىز ھېچبىر ئىشنى قىلىشقا يەتمەيدىغان ھېس قىلىپ

قالىمىز. بىز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ، ئۆز نىشانىمىزنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاۋاب ۋە چارە ئىزدەشكە ئۇرۇنىمىز. دائىم سىرتقا قارايمىز، ھېچقاچان ئۆزىمىزنى يېتەرلىك نەرسىگە ئىگە بولغاندەك ياكى بولالايدىغاندەك ھېس قىلمايمىز. ھەممىدىن چاتىقى، ئەگەر بىز شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە سائەت ياكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ قالساق، ئاشۇ خىل يېتەرسىزلىك تۇيغۇسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ غايىلىرىمىز ئۈمىدسىزلىكتىن ئەمەس، ئىلھامدىن مەنبەلەنسە، ئۇنداقتا ھېكايە تامامەن پەرقلىق بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، بىز ئۆزىمىزنى تەسىرلەنگەن، رىغبەتلەنگەن ۋە جۇشقۇن ھېس قىلغاچقا، غايىمىز ئۈچۈن تىرىشىمىز. بۇ خىل غايە مەجبۇرىيەتتىن بەكرەك بىر خىل چاقىرىققا ئوخشايدۇ. گوياكى بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ماددىي دۇنيادا نامايەن بولۇشنى ئويلايدىغان تولىمۇ قۇدرەتلىك بىر ھاياتىي كۈچ باردەك بولىدۇ. يازغۇچىلار ئەنە شۇ سەۋەبلىك قەلەم تەۋرىتىشىدۇ، جەڭچىلەر ئەنە شۇ سەۋەبلىك جېنىنى پىدا قىلىشىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا تىرىكچىلىكىنى قامدايدىغان پۇل بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزى سۆيگەن شۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل غايىگە ئىگە كىشىلەر خۇددى مەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن ئاللىنېمىلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئىتتىرىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل غايە بىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بىزنىڭ بىئىختىيار ھالدا شۇ ئىشنى قىلغۇمىز كېلىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا بولغاندا، ئۆزىمىزنى يېتەرسىز ھېس قىلغان ھالدا ئەمەس، بەلكى تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن غايىمىزگە قاراپ دادىل قەدەم باسىمىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://medium.com/the-masterpiece/what-i-got-from-dont-believe-everything-you-think-1d7b09ecd327#:~:text=Don't%20believe%20everything%20you%20think%20is%20a%20book%20to,ve%20always%20desired%20to%20live



# خىتاي 449 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۈرمىگە سولىدى

كارىشما بۇيىيان

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا 449 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۈرمىگە سولىدى

كارىشما بۇيىيان، ئەندرېۋ فاڭ

ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بىلىنكېن خىتايغا قىلغان سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، خىتاي ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى 449 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر ئون يەتتە ئۇيغۇرنىڭ بىرىنى تۈرمىگە تاشلىغان.

بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2022-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خىتاي ئەمەس ھەر 26 كىشىنىڭ بىرى تۈرمىگە تاشلانغان.

بۇ تەشكىلاتنىڭ 25-ئاپرېل ئېلان قىلىنغان، خىتاينىڭ ئاشكارىلانغان سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىتىلغان تەھلىلىگە كۆرە، بۇ رايوندىكى قۇرامىغا يەتكەن ھەر 17 ئۇيغۇرنىڭ بىرى «قۇرئان ئوقۇش» دېگەندەك ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇق سۈپىتىدە قوغدىلىشى كېرەك بولغان قىلمىشلار سەۋەبلىك تۈرمىگە تاشلانغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ۋە خىتاي ئەمەس باشقا مىللەتلەر خىتاي ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر خىتاينىڭ مۆلچەرلەنگەن تۈرمە نوپۇسىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

بىلىنكېن 26-ئاپرېل خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ۋە خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى ۋاڭ شياۋخوڭ (Wang Xiaohong) بىلەن كۆرۈشكەندە «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى» ۋە باشقا ۋەقەلەرگە بولغان ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ۋەھالەنكى، خىتاي بىلىنكېننى «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى» دەپ تەنقىد قىلدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارى 26-ئاپرېل ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق دېدى: «بىز ئامېرىكادىن خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا، جۈملىدىن تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستانغا

مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى ھەمدە بۇ خىل ئارىلىششلارغا كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىمىز.»

«شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن بىلىنكېن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى خەۋىرىدە كىشىلىك ھوقۇق تېمىسى تىلغا ئېلىنمىدى.

بىلىنكېننىڭ خىتاي زىيارىتى ئالدىدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 22-ئاپرېل 2023-يىللىق «دۆلەتلىك كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى»نى ئېلان قىلدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاي توغرىسىدىكى بابتا 2023-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمان ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەت ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

ئامېرىكانىڭ يىللىق دوكلاتىدا يەنە جازالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ، جۈملىدىن سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ شارائىتىنىڭ ئومۇمەن ناچار ئىكەنلىكى، ھاياتىنىڭ دائىم خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقى ياكى ھاقارەتلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: «كارىۋات ياكى كۆرپە بولمىغاچقا، مەھبۇسلار دائىم يەردە ئۇخلايدۇ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىسسىنىش، يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە ئىچىملىك سۇ يېتەرلىك ئەمەس.»

بىلىنكېن 22-ئاپرېل دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىغا باھا بېرىپ، بۇنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ پەيتلىرىنى ئەسلىتىدىغان ۋەھشىي جىنايەتلەر»نى خاتىرىلىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ چوڭقۇر ئەندىشىسىنى داۋاملىق «مەسئۇل ھۆكۈمەتلەرگە بىۋاستە» ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ تەتقىقات دىرېكتورى ھېنرىك شاجېۋسكىي (Henryk Szadziewski) «ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكا-خىتاي كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى» دېدى.

شاجېۋسكىي ئۆزىنىڭ بىلىنكېننىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى «ئەمەلىي ھەرىكەت» تەرزىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما زىيارەت جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا ئانچە كۆپ مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «خىتاي تەرەپ بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئامېرىكا تەرەپمۇ بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ-دە، ئاندىن ئىككى تەرەپ سودىلىشىدۇ.»

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تۈرمە سىستېمىسى خىتاينىڭ ئىقتىسادىغا پايدا ياراتقان. بەزى شىركەتلەر مەھبۇسلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۈرمىگە يېقىن جايغا زاۋۇتلارنى قۇرغان.

«مەھبۇسلار بۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەيدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمگەك ھەققى يوقنىڭ ئورنىدا» دېدى ئۇ.

شاجېۋسكىي يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھۆكۈمەت شىركەتلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرغاچقا، تۈرمىگە تاشلانغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەرلىك زاۋۇتلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان تۈرلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاندى. تۈرمىدىكى يەرلىك مىللەت ئەزالىرىنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچىمۇ ئاشتى.

«بىز ھازىر كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپلەپ تۈرمىگە تاشلىنىۋاتقانلىقىغا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلىنغان مۇقىملىق ھەققىدە جار سېلىشىغا، مەجبۇرىي ئەمگەكتىن داۋاملىق پايدىلىنىلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز» دەيدۇ ئۇ.

دوكلاتتا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرئان ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر ئاشكارىلانغان.

شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر دېلودا، ئايتىيال روزى (Aytial Rozi) قۇرئاننى ئۆگەنگەن ھەمدە 2009-يىلىدىن 2011-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى بىر توپ ئاياللارغا ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. يەنە بىر دېلودا، ئېزىزگۈل مەمەت 1976-يىلى ئۈچ كۈن قۇرئان ئۆگەنگەنلىكى سەۋەبلىك، 2017-يىلى ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

نيۇيوركقا جايلاشقان «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق» (Human Rights in China) تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى جو۞ فېڭسو (Zhou Fengsuo) مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىلىنكېن خىتاي ئەمەلدارلىرىغا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئانچە دادىل بولمىدى. ئۇ خىتايدىن ئەمەلىي ھەرىكەت تەلەپ قىلماستىن، «ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، يېلىنىش ئاھاڭىدا» سۆز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سەپەردە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويمىغانلىقى شەكسىز.

«خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتى بىلىنكېننى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان 46 تەشكىلاتنىڭ بىرىدۇر.

جو۞ فېڭسو 1989-يىلى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشتىن كېيىن تۈرمىگە تاشلانغان ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ ناچارلاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

«ئامېرىكا ئىلگىرى خاتالىق سادىر قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە ئۇزاققىچە سەل قارىدى» دەيدۇ ئۇ.

خىتاينىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە قاراتقان زۇلمى داۋاملاشماقتا.

ئامېرىكادىكى خىتايلىق مۇسۇلمانلار جامائەتچىلىكىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ما جۇ (Ma Ju) مۇنداق دېدى: «خىتاي ھاكىمىيىتى ئاز سانلىقلارنى ئېزىپ، كۆپ سانلىقنى رازى قىلىۋاتىدۇ ۋە پوقراچى (populist — سىياسەتتە ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆز قاراش ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلار.ـت) بايانلارنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىجتىمائىي دارۋىنىزمدىن پايدىلىنىپ، پوقراچى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى.»

ما جۇ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، غەززەدىكى پەلەستىنلىكلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ ئەخلاقىي نوپۇزىنىڭ زىيانلانغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://dc.medill.northwestern.edu/blog/2024/04/26/rights_group_china_imprisons_more_than_449000_uyghurs_in_xinjiang/#sthash.puq04jQr.BUA7iUPu.dpbs


مەدەنىيەتمىزدە ئىسلام
ئۆمەر سۇلايمان

# دوكتور ئۆمەر سۇلايمان

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئامېرىكادىكى مۇسۇلمان دەۋەتچىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى ئاۋاز چىقارغان داڭلىق شەخسلەردىن بىرىدۇر.

ئۆمەر سۇلايمان 1986-يىلى تۇغۇلغان ئامېرىكالىق دەۋەتچىدۇر؛كىشىلىك هوقۇق تەشەببۇسچىسى، مول-هوسۇللۇق يازغۇچى ۋە تەسىرى بار ناتىقتۇر. ئۆمەر سۇلايمان يەقىين ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى بولۇشتىن سىرت، ئىسلامىي ئىلىملەردە دوتسېنت بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۇ جەنۇبىي مېسودىست ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدا ئورۇن ئالغان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ۋالىي رەنچ نامىدىكى ئىسلام مەركىزىدە مۇقىم ئاكادېمىك سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. «داللاس ئېتىقادقا يۈرۈش تەشكىلاتى» دا پەخرىي قوش رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلماقتا.

ئۆمەر سۇلايمان 1986-يىلى يېڭى ئورلان شتاتىدىكى بىر پەلەستىنلىك ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇنىۋېرسىتېتتا ھەم بوغالتىرلىق ھەم ئىسلام فىقھى ساھەسىدە باكلاۋېرلىق دىپلومى ئالغان. ئىسلام ئىقتىسادى ۋە سىياسەت تارىخىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. مالايسىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ساھەسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۆمەر سۇلايمان دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ يېڭى ئورلان شتاتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جېففىرسون مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىدا ئىماملىق خىزمىتى قىلغان. 2010-يىلى يېڭى ئورلان شەھەر باشلىقى تەرىپىدىن ئۈستۈن دەرىجىلىك خەلق مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2016-يىلى يەقىين ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى قۇرغان. 2019-يىلىدىن باشلاپ جەنۇبىي مېسودىست ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوتسېنت بولۇپ خىزمەتكە چۈشكەن.

ئۆمەر سۇلايمان ئىجتىمائىي ئادالەت ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىدىندۇر. ئۇ ئۆزىنى مالكولم ئېكسنىڭ مەنىۋىي ئوقۇغۇچىسى دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ھەقىقىي پۇقرالىق دۆلەتنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىش دەپ قارايدۇ.

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان 2015-يىلىدىن ئېتىبارەن سۈرىيەلىك سىياسىي پاناھلىق تىلەش كاملىرىدىكى سۈرىيەلىكلەرگە ياردەم يەتكۈزۈش خىزمىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ساقچىلارنىڭ زوراۋالانلىقىغا دۇچ كەلگەن ئائىلىلەرگە دائىم كۆڭۈل بۆلگەن. قارا تەنلىكلەرگە قارشى ۋە ئىرقچىلىققا قارشى ھەرىكەتلەرگە كۈچەپ ئىشتىراك قىلغان. ئامېرىكادىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان سىياسىي

مەھبۇسلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى مۇدائىپە قىلغان. 2021-يىلى بوسنا ھېرتسىگوۋىنا پايتەختى سارايېۋودا كەشمىر ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى سوتىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن.

ISIS نىڭ تەھدىدىگە دۇچ كەلگەن. دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئىسلامىي لېكسىيە ۋە دەرسلەردىن سىرت، ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە نامايىشلارغا كۆپلەپ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، دۇنيادىكى تەسىرى بار 500 مۇسۇلمان تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2024 -يىلى 5– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2024-يىلى 5-ئاي)

2-ماي:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تايلاندتا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەم چاقىرىقىنى رەت قىلدى.
(thenewhumanitarian)

2-ماي:

مەشھۇر ئۇيغۇر ئاخباراتچى زىيالىيسى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندى زىمىستان تورىدا «(شەرقىي تۈركىستاندا) ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق بارلىقىنىمۇ ئۇنۇتمايلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.
(bitterwinter)

13-ماي:

تەتقىقاتچى تىموسى گىروس «خىتاينىڭ تاماق ئۇرۇشى: تاماق ئارقىلىق ئۇيغۇر كىملىكىنى يوق قىلىپ تاشلاش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىگە رەزىل قولىنى سوزۇشى، بىر ياقتىن ئۇيغۇرچە تائاملارنى «شىنجاڭچە تائاملار» دەپ ئاتاپ ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ ئىستېمالىغا سۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرچە تائاملارنى كومپارتىيە كادىرلىرىنىڭ يامان كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايچە تائاملارنى دەسسىتىش ئورۇنۇشلىرى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن يورىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىنى خىتايچىلاشتۇرۇش ۋە ئىستىمالدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۇرۇنىشى ماقالىدە باشتىن ئاياق دەلىللىك رەۋىشتە ئىپادىلەنگەن. بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسى «ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى»نىڭ 57-سانىدا ئېلان قىلىنىدى. (Chinafile)

16ـ ماي:

ئامېرىكا تاموژنىسى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىن بولغان 26 خىتاي توقۇمۇچىلىق شىركىتىنىڭ توقۇما تاۋارلىرىنى تۇتۇپ قالدى. (رويتېرس)

17ـ ماي:

خارۋار كېنىدىي مەكتىۋىدە بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى سەيىد ئابدۇللاھنى (Sayid Abdull) تونۇشتۇرۇپ ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە سەيىد ئابدۇللاھنىڭ كەچمىشلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىغا كەڭرى ئورۇن بېرىلگەن. (HARVARD Kennedy School)

21ـ ماي:

ئاپتوموبىل شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىرىلغان چەكلەنگەن زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى. (BBC)

27ـ ماي:

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋولكسۋاگېن شىركىتىنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن قول ئۈزۈشكە چاقىردى. (كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئورگان تورى)

24ـ ماي:

خىتاي پاكىستاندا «شىنجاڭ نۆۋەتتە تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تۆھپىسى، يامانلىقلىرىنى ياخشىلىقلىرى قىلىپ كۆرسەتكەن. (زىمىستان قىش تورى)

28ـ ماي:

ھىندىستان ۋاقىت گېزىتىدە «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى قانداق باستۇرۇۋاتىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغان جىنايى قەدەملىرى ۋە رەزىل سىياسەتلىرى بايان قىلىنغان. (ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى)

29ـ ماي:

تايلاند ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئەيىبلەندى. (bitterwinter)

31ـ ماي:

ئىتالىيىلىك دېھقانلار خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىپ ئىتالىيەگە ئېكسپورت قىلغان شوخلىلارنىڭ ئىتالىيەگە يېتىپ كېلىشى سەۋەبلىك، بۇ ھادىسىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ نامايىش ئۆتكۈزۈش سەۋەبى «شوخلىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى مەۋجۇتلۇقى، شوخلىلارنىڭ ياۋروپانىڭ ئۆلچىمىگە توشمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئادىل رىقابەتكە خىلاپ ئىكەنلىكى» يۈزىسىدىن ئىكەن. (decode39)

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

